# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكى
# تېكستلىرى ئۈستىدە تەھلىل

## 1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەھلىل

## 1

(تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن)

تۈزگۈچى: ئابدۇۋەلى كېرىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتاب تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆتۈۋاتقان دەرسلىكلەردىكى تېكىستلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى بېيىتىش، تېكىستلار توغرىسىدىكى تەھلىلىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە تۈزۈلدى. بۇ كىتابتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى تاللانغان تېكىستلار ئۈستىدە ئومۇمەن ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى، ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

بۇ كىتابنى تۈزۈشكە مەرھۇم ئابدۇراخمان مەھەممەت يېقىندىن ياردەم بەرگەن. سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تەھلىلدە بەزى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە يېتىشسىزلىكلەر كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇندەرىجە

«سائەتلىك دەرس پىلانى» تۈزۈش ئۈلگىسى ... 1
«چېچەك پەسلى» توغرىسىدا تەھلىل .......... 7
«يامار تاغلار» توغرىسىدا تەھلىل........... 16
«ئۆجمە سايىسى» توغرىسىدا تەھلىل.......... 22
«ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم؟» توغرىسىدا تەھلىل............................... 28
«بوزغۇنچى» توغرىسىدا تەھلىل .......... 34
«ئاخىرقى دەرس» توغرىسىدا تەھلىل ......... 40
«ياشايسەن تاغ بولۇپ» توغرىسىدا تەھلىل ... 51
«ھاياتنىڭ ئۇلۇغ، ئۆلۈمنىڭ شەرەپلىك» توغرىسىدا تەھلىل .................. 56
«سىغىزخان ھەققىدە چۆچەك» توغرىسىدا تەھلىل .................. 65
«كىچىككىنە چىراغ» توغرىسىدا تەھلىل ........ 72
«ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» توغرىسىدا تەھلىل............................... 81
«مېنىڭ تاغام ژيول» توغرىسىدا تەھلىل ...... 88
«ھەسرەت» توغرىسىدا تەھلىل ............... 99
«سۈرگۈن» توغرىسىدا تەھلىل................ 105
«چۈغلۇق» توغرىسىدا تەھلىل ............... 112
«مارجان» توغرىسىدا تەھلىل ............... 118

«پاگۇن» توغرىسىدا تەھلىل .................. 124
«هاياتلىق بۇرچى» توغرىسىدا تەھلىل .......... 131
«مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى» توغرىسىدا تەھلىل... 139
«قارىغاينىڭ خىسلىتى» توغرىسىدا تەھلىل...... 149
«پادىشاھ سامۇرايلىرى ئىغىر هالسىرايدۇ» توغ-
رىسىدا تەھلىل................................. 159
«ئەجەل هودۇقۇشىدا» توغرىسىدا تەھلىل ...... 168
«بورانقۇش قوشىقى» توغرىسىدا تەھلىل ...... 175
مەجلىسۋازلار» توغرىسىدا تەھلىل .............. 183
«تارىم بويلاپ» توغرىسىدا تەھلىل .......... 194
«ئىمپىرالىزمغا قارشى تۇرايىلىسى» توغرىسىدا
تەھلىل ...................................... 203

# «سائەتلىك دەرس پىلانى» تۈزۈش ئۈلگىسى

(تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقلار ئۈچۈن)

1 - سائەتلىك دەرس پىلانى

199 - يىلى - ئاينىڭ - كۈنى

**1. ئۆتكەن دەرسنى تەكرارلاش:**

سوئال: شېئىر دېگەن نېمە؟ چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

**2. يېڭى دەرس**

«چېچەك پەسلى» دېگەن شېئىرنى ھېسسىياتلىق ئوقۇش مەشقى ئېلىپ بېرىش.

**3. مەقسەت:**

ئوقۇغۇچىلارغا لىرىك شېئىرلارنى ھېسسىياتلىق ئوقۇش ھەم دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئىگىلىتىش.

**4. مۇھىم نۇقتا:**

ئوقۇغۇچىلارغا شېئىردىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگىتىش.

**5. قىيىن نۇقتا:**

ئوقۇغۇچىلارغا شېئىردا قوللىنىلغان تىل قۇرۇل-مىلىرىنىڭ قانداق مەنىدە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلالايدىغان قىلىش.

**6. شېئىرنى ئوقۇتۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە باسقۇچلىرى:**

1) ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن شېئىرنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى شېئىردىن ھېسسىي زوق ئالدۇرۇش.

ئوقۇغۇچىلارنى شېئىرنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەش.

2) ئىككىنچى باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلارغا شېئىرنى كۇپ-لېتلىرى بويىچە ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلدۇرۇش؛ ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۈلگە قىلىپ، ياخشى ئوقۇيالمىغانلار-نى يېتەكلەش.

3) شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشنى تەكرارلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوروۇنداپ كېلىشنى تاپشۇرۇش.

بىرىنچى، شېئىرنى يادلاپ كېلىش.

ئىككىنچى، ھېسسىياتلىق، ئىپادىلىك ئوقۇيالايدىغان بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئۈچىنچى، چۈشەنمىگەن سۆزلەرنى خاتىرىگە ئايرىم يېزىپ كېلىش.

## 2 - سائەتلىك دەرس

199 - يىلى - ئاينىڭ - كۈنى

1. ئۆتكەنكى تەلەپلەرنى سوراپ تەكرارلاش، شېئىرنى يادلاپ كەلگەن ۋە يادلاپ كېلەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى سوراپ ئېنىقلاپ، ياخشى يادلاپ، ياخشى دېكلاماتسىيە قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، باشقىلارنى يېتەكلەش.

## 2 - يېڭى دەرس

1) «چېچەك پەسلى» ناملىق شېئىردىكى ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمىگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىش.

2) يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىدىن تاشقىرى كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىشىنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلەشكە يېتەكلەش، مەسىلەن، «چېچەك پەسلى»، «ئاخشاملا

تېخى»، «مانا سەھەر»، «ۋاقتى - سائىتى»، «قەيەر-گىدۇر»، «كۆنى تۆگەپ» .... قاتارلىقلار.

3. مەقسەت:

ئوقۇغۇچىلارنىڭ شېئىردا ئىپادىلەنگەن مەركىزىي ئىدىيىنى تېپىپ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

4. مۇھىم نۇقتا:

ھەربىر كۆپلېتنىڭ مەنىسىنى ئايرىم - ئايرىم مۇزاكىرە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەنىسىنى ئۆگىتىش.

5. قىيىن نۇقتا:

مەركىزىي ئىدىيىنى توغرا، دەل تېپىش.

6. تاپشۇرۇق:

1. مەركىزىي ئىدىيىنى يادلاپ كېلىش.
2. مەركىزىي ئىدىيە قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ كېلىش.

3 - سائەتلىك دەرس

199 - يىلى - ئاينىڭ - كۈنى

## 1. ئۆتكەنكى دەرسنى تەكرارلاش:

«چىچەك پەسلى» ناملىق شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

## 2. يېڭى دەرس:

«چىچەك پەسلى» ناملىق شېئىرنى تەھلىل قىلىپ خۇلاسىلەش.

1) شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىخچام، ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈش.

2) «چىچەك پەسلى» دېگەن ئۇقۇم ئارقىلىق 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېڭى سىياسىي، ئىجتىمائىي شارائىتىمىزنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەنلىكىنى تەھلىل قىلىش.

3) تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشنى توغرا، تولۇق ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش.

## 3 - مەقسەت:

ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈش.

## 4. مۇھىم نۇقتا:

ئوقۇغۇچىلارغا «چېچەك پەسلى» ناملىق شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىنى ئىگىلىتىش.

5. قىيىن نۇقتا:

ئوقۇغۇچىلارغا ئوبرازلىق ئىپادىلەشنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشتىكى ئەۋزەللىكىنى ئىگىلىتىش.

6. تاپشۇرۇق:

باھار ھەققىدە ئىنچام بىر شېئىر يېزىپ كېلىڭلار.

# «چېچەك پەسلى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. شائىر ۋە شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

شائىر ئابلىز نازىرى 1925 - يىلى تۇرپاندا ئۇش- شاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، پىچان قاتارلىق جايلار- دىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1946- يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ چىقىپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «مەدەنىيەت» ناملىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گو- مىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، غۇل- جىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي گېزىتىدە، «شىنجاڭ- دا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» تا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «ئالغا» گېزىتىدە، كېيىن 1979 - يىلغىچە «شىن- جاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن.

شائىر ئابلىز نازىرى بەدىئىي ئەدەبىياتقا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئىشتىياق باغلىغان. تۇنجى شېئىرى «سىڭلىمغا» 1945 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە

ئېلان قىلىنغان.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا گۈللىنىشكە باشلايدۇ. شائىرنىڭ ئەينى يىللاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ، خورلىنىۋاتقان يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە خەيرخاھلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى بالدۇرراق ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئارزۇلىرى بىلەن تولغان شېئىر، ھېكايە، ئوچېرىك ۋە نەسىرلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندۇ. ئۇنىڭ «ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ئوچېرىكى، «مەدەنىيەتكە ھۇجۇم» ناملىق نەسرى، «ئارزۇ»، «كۆڭلۈم سەندىدۇر»، «خەت» قاتارلىق شېئىرلىرى، «مۆكۈلۈك ئالچۇق»، «مىجىلغان يۈرەكلەر» ناملىق ھېكايىلىرى ئەنە شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان. شائىر ئازادلىقتىن كېيىن، «خەير ئىلى»، «قەشقەر قىزىغا خەت»، «خۇاڭخې دولقۇنى»، «قىزىم ئالىم بول»، «كىچىك دوستلارغا»غا ئوخشاش بىر قاتار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلارنى ئېلان قىلدى.

1979 - يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ئۇنىڭ «چېچەك پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى.

شائىرنىڭ «چېچەك پەسلى» ناملىق بۇ لىرىكىسى 1978 - يىلى يېزىلغان.

1976 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دانا تەدبىر قوللىنىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلدى. پارتىيىمىز ئۇزۇن ئۆتمەي 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىپ، ئون يىلدىن

ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا، تىنچلىقىغا، تەرەققىياتىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدىن تارتىپ، ئادەتتىكى يېزا دېھقانلىرىغىچە بولغان نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتقان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يۈرگۈزگەن «سول» چىل خاتالىقلاردىن ئۈزۈل - كېسىل ھېساب ئېلىپ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن خۇشاللىق، شادلىق تەنتەنىسىگە چۆمۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالدى. «چېچەك پەسلى» شېئىرى دەل مۇشۇنداق تارىخىي ئۆزگىرىش دەۋرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، شائىر بۇ شېئىردا باھار پەسلىدىكى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىگە بولغان قىزغىن ۋە يېقىملىق ھېس - تۇيغۇسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى باھارىغا بولغان چەكسىز مەمنۇنلۇقى ۋە قايىللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

## 2. شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

بۇ شېئىر ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر تىلىمىزدىكى باي سىتىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، زور سىياسىي تىندىنسىيىنى يۈكسەك بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

بىز شېئىرنى كۇپلېتمۇ كۇپلېت تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

«تۆرمايمىدى ئاخشاملا تېخى،
دەل - دەرەخلەر پوتلا چىقىرىپ.
مانا سەھەر باشقىچە ئالەم،
باغ يېتىپتۇ ھال رەڭ تۈس ئېلىپ».

بۇ كۆپلېتنى ئوقۇغىنىمىزدا شائىرنىڭ يېقىملىق تۈي-
غۇغا چۆمۈلگەن ھالدا بىر كېچىدىلا يۈز بەرگەن تەبىئەت ئۆز-
گىرىشىدىن ئىنتايىن زوقلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىزنىڭ قەل-
بىمىزدىمۇ باھار پەيزىگە چۆمۈلگەندەك شېرىن تەسىرات پەيدا
بولىدۇ. بۇ يەردە قوللىنىلغان «ئاخشاملا تېخى»، «مانا
سەھەردە» دېگەن ئۇقۇملار يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنىڭ شا-
ئىرنىڭ كۈتكىنىدىن بالدۇرلا پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئۇشتۇمتۇت
ھالدا خۇشاللىققا ئىگە قىلغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ
خىل ئۆزگىرىشكە بولغان زوقمەنلىكىنىڭ ئادەتتىكىدىن
ھەسسىلەپ يۇقىرى بولغانلىقىنى سېزىۋالالايمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن شائىر بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ سە-
ۋەبىنى ئىزدىگەن ھالەتكە ئۆتۈپ، كىتابخانلارنىڭمۇ ئۆزى
بىلەن بىللە تەپەككۇر قىلىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ ھەم
ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ.

كەلگىنىدە ۋاقتى - سائىتى،
چېچەك پەسلى گۈل چىراي ئاچتى.
كۈنى تۈگەپ قىش - قىرو پەسلى،
قەيەرگىدۇر يوقالدى — قاچتى.

دېمەك تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولىدىغان

«ۋاقتى ـ سائىتى» نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى «قىش ـ قىرو» نىڭ ئۆمرىگە خاتىمە بېرىپ، پەسىل ئالمىشىشتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شائىرنىڭ ئاخىرقى مىسرادا ئىشلەتكەن «قەيەرگىدۇر» دېگەن تىل ۋاستىسى كۆچمە مەنىگە ئىگە قىلىنغان. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، قىشنىڭ ناھايىتى يىراققا كەتكەنلىكىنى، ھەتتا كەتسە ـ كەلمەس جايغا كېتىپ، پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىنى ئىپادە قىلغان. لېكىن شائىر بۇنىڭ بىلەن تەبىئەتتىكى قىشنىڭ زادى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى دېمەكچى ئەمەس. بەلكى ئۇ قىشنىڭ «يوقالغان ـ قاچقان» لىقىدىن بەكمۇ رازى بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇرغان كېلىندەك يېقىملىق نۇرىنى چېچىۋاتقان قۇياشنىڭ تەپتىدە جاھاندىكى ھەممە گۈزەللىك جەم بولغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىنتايىن كۆركەم چېچەك پەسلى نامايان بولىدۇ.

قاراڭ ئەنە، كۆز قاماشتۇرار،
گۈل بەرگىدە مەرۋايىت شەبنەم.
كۈنمۇ چىققاچ، كېلىندەك كۈلۈپ،
بار گۈزەللىك بۇندا بولغان جەم.

شېئىرنىڭ كېيىنكى كۇپلېتىدا شائىرنىڭ لېرىك تەسەۋۋۇرى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ، ئەنە شۇ گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن باھارنىڭ يەنە باشقا خىسلەتلىرى ئۈس-

ـتىدە پەرۋاز قىلىدۇ ۋە ئۇنى كۆرۈپ، سېزىپ، بىلىپ يېـ
ـتىدۇ - دە، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

گۈپۈلدەيدۇ ئۇندا خۇش پۇراق،
مىڭ كېسەلگە داۋادۇر ساز.
قۇشلار سايرار بەئەينى بىھۇش،
قىلىشقاندەك مىڭ نەغمىچى ساز.

دېمەك بۇ باھارنىڭ خىسلەتلىرى تەرىپلەشكە ئەر-
زىگۈدەك مول. ئۇ مىڭلىغان كېسەللەرگە شىپالىق بەخش
ئېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەھلىيا قىلىش كۈچى مىڭلىغان
قۇشلارنى بىھۇش ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆزى ھەققىدە مەد-
ھىيە نەغمىلىرىنى چېلىشقا مەجبۇر قىلالايدۇ.
شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتى مۇنداق داۋاملاشقان.

بۇ ئەتىياز، يېڭى بىر باھار،
لەرزان ئۇرىدۇ يېقىملىق شامال.
قىن - قىنىغا پاتمايدۇ كۆڭۈل،
ياز كېلىدۇ — بىر ساھىبجامال.

باھارنىڭ راھەت بەخش پەيزىگە چۆمۈلگەن ھەر
بىر كۆڭۈل خۇشاللىق، شادلىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي
تەنتەنە قىلىدۇ. بۇنداق يېتىلگەن باھار ئەلۋەتتە ھالرەڭ
چېچەكلەردىن مەي باغلىغان شېرىن مېۋىلەرنى يېتىلدۈر-
گەن، تېخىمۇ ھۆسن جامالىغا تولغان سېخى يازنى باش-
لاپ كېلىپ، ھايات، بەخت - سائادەتكە چۆمۈلىدۇ.

مانا بۇ «چېچەك پەسلى» ناملىق تەبىئەت لىرىكىسىنىڭ تاشقى پوستى ھەم ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ئۆز كونكرېتلىقى بىلەن ئايان بولغان بىر يۈزى.

ئەگەر بىز شېئىرنى ئۇ يېزىلغان 1978 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن باغلاپ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەھلىل قىلساق بۇ لىرىك شېئىردا تەبىئەت مەنزىرىسىگە تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، تېخىمۇ قەدىرلىك بولغان ئىجتىمائىي ھاياتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ شېئىرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ھەم ئۇنىڭ يوشۇرۇن لىنىيىسىدۇر. دېمەك شائىر بۇ شېئىردا گۈزەل باھار ئوبرازى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يېڭى باھارىنى تولۇپ تاشقان مېھر - مۇھەببىتى بىلەن كۈيلىگەن.

## 3. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

بىزنىڭ يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدە شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدىمۇ نۇرغۇن سۆزلەر ئېيتىلىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بىز يەنە بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئەكس ئەتتۈرۈش سەنئىتى جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى.

1) بۇ شېئىر قوش لىنىيىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ئىگە. يەنى ئۇنىڭ ئاشكارا لىنىيىسى گۈزەل باھار پەسلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، يوشۇرۇن لىنىيىسى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دۆلىتىمىزدە پەيدا بولغان ئىجتىمائىي

ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلىگەن.

بىر شېئىردىكى شېئىرىي ئوبرازنى مۇنداق بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىنتايىن يۇقىرى ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ئىقتىدارنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، شائىر باھار بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتى ئوتتۇرىسىدا ئايرىلماس بىرلىك پەيدا قىلىپ، شېئىرنى ھەم ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇققا، ھەم بەدىئىي يۇكسەكلىككە ئىگە قىلغان.

2) بۇ شېئىردا قوللىنىلغان تىل ۋاستىلىرى يېڭى، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك يۇقىرىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن لىنىيىنىڭ ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. ھېچبىر شەيئى، ھېچبىر ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىدىن-توغرا تىلغا ئېلىنماي، مىتافورا، مىتونومىيە، سىمۋول قاتارلىق ستىلىستىك ۋاستىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلۇپ، كىتابخانلارنى ئويلاندۇرۇپ، زېھنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈدەك قىلىپ ئىپادىلەنگەن.

مەسىلەن، توغرىدىن توغرا «باھار» دېمەستىن «چېچەك پەسلى» دەپ مىتافورا قوللىنىلغان. بۇ ئۇقۇم ھەمتەبىئەتتىكى باھارنى ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ ئىجتىمائىي باھارىنى ئىپادىلىگەن. «قىش - قىرو» دېگەن ئۇقۇمۇ ھەم ئۆز مەنىسىدە كەلگەن ھەم «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان ئاشۇ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنى كۆرسەتكەن.

3) بۇ شېئىرنى تەھلىل قىلغاندا قوش لىنىيىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ. بىز بۇ قېتىم بۇ شېئىرغا بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلنى

قوللىنىپ كۆردۇق. بۇنداق ئىنچىكە تەھلىل ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ھەۋىسىنى ئويغىتىپ، ئۇقۇملاردىن قوش مەقسەت ئۈچۈن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولاردىگەن مەقسەتنى كۆزدە تۇتتۇق.

# «يانار تاغلار» توغرىسىدا تەھلىل

شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ خېلى كۆپ ئەسەرلىرىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تېما قىلىش ئارقىلىق جاھانگىرلارنىڭ ئادالەتسىز ئۇرۇش قوزغاشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى قاتتىق پاش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان جۇڭگو ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قوغداپ، فاشىزم كۈچلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكىنى، فاشىستلارغا قارشى ئادالەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ ھەرقايسى سەپلەردە جەزمەن ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

شائىرنىڭ «يانار تاغلار» ناملىق سىياسىي لىرىكىسىمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى تېما قىلغان. شائىر بۇ شېئىرىدىمۇ «يانار تاغلار» دېگەن سىمۋوللۇق ئىپادە ئارقىلىق ھەرقايسى ئېزىلگۈچى ئەل خەلقلىرىنىڭ ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىكى، ئەركىنلىكى، ئازادلىقى ئۈچۈن فاشىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادالەتلىك ئۇرۇشىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىپ، ئەركىن، ئازاد يېڭى ئىجتىمائىي تۇرمۇش يارىتىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

شېئىرنى بىز كونكرېت ھالدا تۆۋەندىكى بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى بۆلەك باشتىن باشلاپ، «قورساقنى كۆپتۈرۈپ يىراق كېتەلمەس» دېگەن يەرگىچە. شائىر بۇ

بۆلەكتە دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بېرىپ، جاھانگىرلارنىڭ خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلى-دىغان دەۋرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ زەردابىنى يەتكۈچە تارتىپ ئويغانغانلىقىنى، دۇنيادا ئادالەتپەرۋەر ئەللەر ۋە خەلقلەر جاھانگىرلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان يېڭى بىر ۋەزىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن شائىر بۇ بۆلەكتە جاھانگىرلار ئەمدى تەل-ۋىلىك بىلەن «بىر غېرىچ يەر»، «بىر پارچە گۆش» نى قانلىق قولى بىلەن كېسەلمەيدىغان بولدى، ئۇلار دۇن-يانىڭ قايسى قىتئەسى، قايسى ئېلىگە بارسا، شۇ جاي-لاردا ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىماقتا، ئۇلارنىڭ تويمۇغۇر قورسىقى تاجاۋۇزچىلىق نەتىجىسىدە «ئېغىر ئاياغ» بولۇپ قالدى، دەپ ھۆكۈم چىقارغان. مانا بۇخىل چوڭ-قۇر سىياسىي كۆز قاراشتىن بىز شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىت-تىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن ئۆزىدە ئىنتايىن يۇ-قىرى ماركسچە - لېنىنچە نۇقتىئىنەزەرنى يېتىشتۈرگەن، ئىنقىلابىي دۇنيا قاراشقا ئىگە شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋا-لالايمىز.

ئىككىنچى بۆلەك «چۈنكى ماتەملەر يىغىلىپ داغ ياسىدى» دېگەن يەردىن «قارا داغلارغا دەھشەت قۇيۇن ئاچىمىز» دېگەن يەرگىچە بولۇپ، پۈتۈن شېئىرنىڭ ئا-ساسىي گەۋدىسىدىن ئىبارەتتۇر. شائىر بۇ بۆلەكتە بوزەك قىلىنغانلار بوزەك قىلىنىۋېرىپ، زوراۋانلار ئۆكتەملىك قىلىۋېرىدىغان دەۋرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبلى-رىنى، دۇنيا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يېڭى بىر يۈنىلىشكە

قاراپ تەرەققىي قىلغۇاتقانلىقىنى ئىنتايىن دانالىق بىلەن توغرا شەرھلەپ كۆرسەتكەن.

ئەڭ چوڭقۇر يەر قاتلىمى يادروسىدا
بۇ داغلار ئېغىرلىقىغا
مەدەنلەر ھېچ چىدالمىدى،
ئوت تۇتاشتى، بولمىدى...
..................................
يەنە......
باغرىغا قارا داغ يۇقتۇرماسقا
ئەنە كۆرۈڭ، كاۋكاز تاغلىرى،
ئېلبورس چوققىلىرى لاۋا ئاتىدۇ.
ئىپلاس تاپلارنى ئۇزىتىشقا،
قوينىغا
يانار مەدەنلەر
تۆكمەس ئاتوملارنى تارتىدۇ.

دېمەك پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جاھان-گىرلىككە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەش ئوتى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ياۋروپادىلا ئەمەس ئاسىيادا، ھەتتا ئافرىقىدىمۇ شىددەتلىك «لاۋا» ئېتىش ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

ھىمالايا، مەغرۇر ئالپ،
كارپات غەيرەتتە.
ئەنە ئافرىقا، كىلىمانجىرا تاغلىرىمۇ
بۈگۈن تەۋرەشتە.

شۇنىڭدەك بۇ شىددەتلىك كۈرەش دولقۇنى ئىچىگە ئۇلۇغ ئوكيان ۋە ئۇنىڭ قىرغىقىدىكى «زور باتۇركىشى» جۈڭگومۇ بىر تەن، بىر جان بولۇپ قېتىلىپ كەتكەن.

ئۇ، قەددىنى تىك كۆتۈرۈپ،
- قارا داغ بولغىنى
سىماب سۈيۈمىنى دەپ،
ھەيۋەت بىلەن تولۇلايدۇ.
ھەتتا «ياۋروپا تىپىرلاپ» لا قالماستىن
پۈتۈن دۇنيا مىدىرلايدۇ.
مىليون ئاراللار ۋارقىرايدۇ.
لاۋا ئاتسۇن ئىككىنچى يانارتاغ سىپىي دەپ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئىككىنچى يانارتاغ سىپىي» گېرمان ۋە ياپون فاشىزمىغا قارشى ئىتتىپاقداشلارنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئېچىلىدىغان ئىككىنچى ئۇرۇش فرونتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىرىنچى ئۇرۇش فرونتى سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەتەننى قوغداپ، جاھانگىرلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش فرونتى ئىدى. شائىر بۇ يەردە ئىككى فرونت بىرلىكتە قىساققا ئېلىش نەتىجىسىدە گېرمان ۋە ياپون فاشىستلىرى ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئۈچىنچى بۆلەك

«دەل شۇ مەدەن

ئۇتلۇق ئاتوملار بىز» دېگەن يەردىن تا-كى شېئىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولۇپ، شائىر شېئىرنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ھۆكۈمىنى خۇلاسىلەيدۇ...

بىز يانار تاغلار بولۇپ ئوت ئاچىمىز،
قارا داغلارغا دەھشەت قۇيۇن ئاچىمىز.
مەيلى تۇتۇشۇڭلار، لاۋا ئېتىڭلار!
ئەي يانار تاغلار، يانار تاغلار!
تىتىلسۇن قارا تاپ، قارا داغلار!
قالمىسۇن ئۇلار،
ئورنىغا ئۇنسۇن،
جاھاندا گۈلىستان باغلار.

دېمەك شائىر بۇ بۆلەكتە فاشىزمغا قارشى قوزغالغان ئادالەتلىك ئۇرۇش سېپىنىڭ يانارتاغدەك شىددەتلىك باس-تۇرۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە جاھانگىرلىكنىڭ ئۆكتەملى-كىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ خارابىسى ئورنىغا گۈ-لىستاندەك ياشنىغان يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىلى-دىغانلىقىنى يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

### شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) بۇ چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان سىياسىي لىرىكا بولۇپ، ئۇ سىياسىي خاھىش ئوچۇق، توغرىدىن توغرا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق

ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، كىتابخانىلارنىڭ زېھنىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئويلاندۇرغۇدەك، ئوقۇغۇچى ھەربىر ستىلىستىك ۋاسىتە نېمىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىپ، پىكىر يۈرگۈزگۈدەك قىلىپ يېزىلغان. بۇ شائىرنىڭ شېئىرىي ماھارەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسىدۇر.

2) شېئىرنىڭ تىلى جانلىق ۋە كۆركەم بولۇپ، ھەر بىر شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇقۇملار سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىپ، كىتابخاندا چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە ھېسسىيات پەيدا قىلىشقا زېمىن ھازىرلىغان. «يانار تاغ»، «داغ»، «تاغ»، «مەدەن»، «ئوتلۇق ۋولقان»، «تۈگىمەس ئاتوم» قاتارلىق ئىبارىلەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەنىگە ئىگە سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەر بولۇپ، شېئىرنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى ئالاھىدە يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرگەن.

3) شەيئى، ھادىسىلەر جانلاندۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

«مەدەنلەر ھېچ چىدالمىدى»، «زور باتۇر كىشى توۋلايدۇ»، «كاۋكاز تاغلىرى، ئېلبورس چوققىلىرى لاۋا ئاتىدۇ» دېگەن ئىبارىلەر جانلاندۇرۇپ كۆرسىتىلگەن.

4) شېئىردا مېتانومىيىلىك ئىپادىلەش بىلەن ستىلىستىك ۋاسىتىلەر زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. «كونا دۇنيا ئېغىر ئاياغ»، «قورسىقىنى كۆتۈرۈپ، يىراق كېتەلمەس»، «كاۋكاز تاغلىرى»، «ئېلبورس چوققىلىرى»، «پۈتۈن دۇنيا»، «ھىمالايا»، «مەغرۇر ئالپ»، «كارپات»، «كېلىمانجىرا»، «ئۇلۇغ ئوكيان»، «مىليون ئاراللار» ....قاتارلىق سۆزلەر ئىنقىلابىي كۈچلەر دېگەن مەنىدە ئالماشتۇرۇپ (مېتانومىيىلىك) ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كىتابخانىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەيدۇ.

# «ئۆجمە سايىسى» توغرىسىدا تەھلىل

بۇ چۆچەك رېئالىستىك چۆچەك بولۇپ، كۆچلۈك ھەجـ
ۋىيلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئاچكۆز، زالىم بايـ
نىڭ ئىنساپسىز قىلىقلىرى قاتتىق ھەجۋىي ئاستىغا ئېلىنسا،
يەنە بىر تەرەپتىن رېئالىستىك روھ بىلەن پومېشچىكلارنىڭ
مەككارلىقىغا قارشى ئەپچىللىك بىلەن كۆرەش قىلغان ئىـ
جابىي قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ، پومېشچىكلار سىـ
نىپى بىلەن دېھقانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن سىنىـ
پىي كۆرەش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 1. چۆچەكنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

«ئۆجمە سايىسى» دا كونا جەمئىيەتتىكى بىر خەسىس،
نائىنساپ باينىڭ ئۆجمە سايىسىنى بىر كەمبەغەل يىگىتكە
قىممەت باھادا سېتىش جەريانى ۋە ئۆجمە سايىسىنى ئېـ
لىش ـ سېتىشتىن كېيىنكى باينىڭ رەسۋاچىلىققا قېلىپ،
ئاخىر چىدىماي ئۆز ماكانىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە
مەجبۇر بولغانلىقى، ئەپچىلەم يارۇ دوستلىرىنىڭ ئەقىلـ
پاراستى بىلەن باينى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، خەلقنى
ئۆجمە سايىسىدە راھەتلىنىشكە ئىگە قىلغانلىقى تېما قىلىنغان.
چۆچەكنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى: چۆچەكتە پەم ـ پاراـ
سەتلىك، كۆرەش قىلىش ئۇسۇل ـ چارىسىگە ماھىر خەلقھامان

ئاچكۆز، نائىنساپ زومىگەر ھۆكۈمرانـلار ئۈستىدىـن
چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، دەيدىغـان ئىدىـيە ئىلـگىرى
سۈرۈلگەن.

## 2. چۆچەكتىكى پېرسوناژلار

باي ئوبـرازى
باي پۇلغا تويمايدىغان ئاچكۆز رەھىمسىز، ساختىپەز
زالىملارنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر. ئۇ تومۇز ئىسسىقتا يولدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۈجمە سايىسىدە بىردەم ئولتۇرۇپ،
ئارام ئېلىشىغا يول قويمايدۇ. ئەپچىلەم ۋە ئۇنىڭ دوستـ
لىرىمۇ سايىدىن قوغلىنىدۇ. باي ئەپچىلەمنىڭ «پۇلـنىـڭ
چوڭ سۆزلىتىدىغانلىقىنى بىلمەمدىلا؟» دېگەن سۆزىنى ئاڭـ
لاش بىلەنلا، سايىنى پۇل قىلىدىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ،
باياتىن بېرىقى ھەيۋىسىنى تاشلاپ، ئاچكۆز نـەپسىنىڭ كوـ
يىدا بىردىنلا ئۆزگىرىپ، سىلىق ـ سىپايە بـولـۇپ قالـ
دۇ «قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ، تىلى گەپكە كېلىدۇ. ئەڭ ئاۋـ
ۋال باھاغا ـــ پۇلغا كېلىدۇ». ئەپچىلەمنى ئەقىلسىز كۆـ
رۈپ، ئۈجمە سايىسىنى تۆتيۈز كۈمۈش تەڭگىگە ساتىدۇ. ئۇ بۇ
ھىل ئالدامچىلىقىدىن خۇش بولۇپ، بۇ ئامەتنى ئىمام ـ
مەزىنلەرگە توختام يازدۇرۇپ قانۇنىيلاشتۇرۇۋالىدۇ. مـانا
بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەردە باينىڭ ئاچكۆزلۈكى كۈچلۈك
مەسخىرە قىلىنىپ، باينىڭ «مۇۋەپپەقىيىتى» بالداقمۇ بالـ
داق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۆز غەلىبىسىدىن ھوشىنـى
يوقاتقۇدەك خۇش بولغان چاغدا، ئىشنىڭ تەرەققىياتى بىرـ
دىنلا ئۆزگىرىدۇ. تۈزۈلگەن «توختام خەت» ۋە ئۇنـىڭغا

مۆھۆر بېسىپ، قول قويۇشلار سىرتماققا ئايلىنىپ، باينى
ياۋۇز قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرىدىن باش تارتالمايدىغان ھاـ
لەتكە كەلتۇرۇپ، لەنەت دارىغا ئاسىدۇ. شۇنىڭ بىـ
لەن ئۇنىڭ قىلغان ئاچكۆزلۈك، ساختىپەزلىكلىرى بىر ـ
بىرلەپ ئۆزىگە بالا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەپچىلەم ۋە ئۇنىڭ
دوستلىرىنىڭ ھويلىدا، ئۆگىزىدە قۇرغان بەزمە ـ ناۋاـ
رىنى توسۇشى توختام بويىچە رەت قىلىنىدۇ. ئۇجىنى
كېسۋەتمەكچى بولۇپ ئۇرغان پالتىنىڭ زەربىسىدىن كەمـ
تۈك بولۇپ قالغان ئورۇن سايىسىنىڭ پۇلىنى تۆلەشكە
تاس قېلىپ، تېخىمۇ ھەسرەتكە پاتىدۇ. ئۆز ھويلىسىغا
كىرىپ چىقىش ئۈچۈن دەرۋازىغا چۈشكەن سايىنى بېسىپ
ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ، ئەللىك تەڭگە تۆلەشكە مەجبۇر بولـ
دۇ. شەھەردىكى باي ـ مۆتىۋەرلەرنى چاقىرىپ قىلغان
بەزمىدە ئەپچىلەملەرنىڭ كىرىپ كېلىشى ئەڭ ئەجەللىك
زەربە بولۇپ، باينىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىدۇ. ئاقىۋەت توخـ
تام خەت خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ، باي ئۆي
ماكانىنى تاشلاپ، قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.
دېمەك چۆچەكتە ئاچكۆز باينىڭ ئاچكۆزلۈك، ساخـ
تىپەزلىك ئالدامچىلىق قاتارلىق ئىللەتلىرى ئەنەشۇنداق
بىر ـ بىرلەپ پاش قىلىنىپ، ھەجۋىي كۈلكىنىڭ يالقۇنى
ئىچىدە ئۆرتەپ تاشلىنىدۇ. ئومۇمەن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ
تىپىك ۋەكىلى بولغان باي قارا كۈچلەرنىڭ بارلىق رەـ
زىللىكلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ ئارقىلىق فېئودال
ھۆكۈمرانلارنىڭ شەرمەندىلىكلىرى ئاقىۋەت خەلقى ئالەم ئالـ
دىدا پاش بولۇپ، ئۇلار خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تۈكۈـ
رۈپ تاشلىنىدىغانلىقى ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەپچىلەم ئوبرازى

ئەپچىلەم ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىسنىپىي مەيدانى مۇستەھكەم، مۇھەببەت - نەپرەتى ئېنىق ئەمگەكچىلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئۇ نامرات يۇرتداشلىرىغا ناھايىتى مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بايىنىڭ جازانىخورلۇقىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ. بىراق ئۇ ئەقىل پاراسەتلىك يىگىت بولغاچقا، غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكىنى يۇمشاق مۇئامىلە ئىچىگە يوشۇرۇپ، بايىنى ئۆز يولى بىلەن ئەپلەپ جاجىسىنى بېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەسلەپ بايغا ئالدانغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، سايىنىڭ باھاسىنى كېلىشىپ، توختام تۈزىدۇ، ئەپچىلەم بايىنىڭ بوينىغا سىرتماقنى مەھكەم سالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىدىن بىر - بىرلەپ، ھېساب ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتىقامىنى پۇخادىن چىققۇچە ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇ يوقسۇل بۇرادەرلىرىنى باشلاپ يۇرۇپ، سايە نەگە چۈشسە شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئاچكۆز بايىنىڭ بېشىغا دەسسەپ ئويناپ، ئەپچىللىك بىلەن غەلىبە قىلىدۇ. ئومۇمەن، ئەپچىلەم ئوبرازى فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى، كۈرەش قىلىشتا ماھىر قابىلىيىتىنى ئۆزىدە مۇكەممەل ئىپادە قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى يوقىتىپ، بەختلىك، تىنچ تۇرمۇش قۇرۇش ئارزۇسىنى روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

## 3. چۆچەكنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) چۆچەكنىڭ ئەڭ مۇھىم بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھەجۋىي قىلىش روھىغا باي. ھەربىر ھەرىكەت ۋە تەسۋىرلەر ھەجۋىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ھەر مىنۇتتا كىشىنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئەپچىلەمنىڭ باي ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىپادە قىلىنغان. شۇنىڭدەك باينىڭ يېڭىلىش تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئالاقزادىلىككە چۈشكەن ھالەتلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك مەسخىرە ئىچىدە كۆرسىتىلىپ، ئەپچىلەملەردىكى كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات، دۈشمەننى مەنسىتمەسلىك روھى ۋە غەلىبە شادلىقى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

2) چۆچەكتە ئەپچىلەملەر غەلىبە قىلىدۇ. رېئاللىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، فېئوداللىق تۈزۈم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، ئەپچىلەملەرنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. خەلق ئۈمىدۋار بولغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۈمىد - ئارزۇلىرى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە، خەلقى ئالەم ئالدىدا[1] باينىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ، مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەپچىلەمنىڭ ئەقىللىك، كۈرەشچان، مەغرۇر ۋە غالىب قىياپىتىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ.

ئادەتتە زالىم بايلارنىڭ ئاچكۆز، خەسىسلىكى ئادەتتىكىدەكلا كۆرسىتىلگەندە ئۇنىڭ يىرگىنچلىك ماھىيىتىنى

يېتەرلىك ئېچىپ بېرىش تەسىرەك بولىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇپ، مۇبالىغە ئارقىلىق كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلىگەندىلا، خەلقنىڭ ئۈمىدۋارلىقى تولۇق گەۋدىلىنىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ رەسۋاچىلىقىنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ بېرەلەيدۇ.

3) چۆچەكنىڭ سۇژىتى ئوڭ بايان شەكلى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ۋەقەنىڭ باشلىنىشى، راۋاجى، يۇقىرى پەللىسى ۋە يېشىمى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ، قىزىقارلىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تۈگۈن — ئۈجمە سايىسىنى ئېلىش - سېتىش. مۇشۇ سودىدىن باشلاپ باينىڭ رەسۋاچىلىقلىرى بىلەن ئاساسىي قەھرىمان ئەپچىلەمنىڭ پەزىلەتلىرى بىر - بىرلەپ ئېچىلىدۇ. چۆچەك باشلانغاندا سايىنى پۇل قىلىۋالغان باي «ئەقىللىك» تەك، ئەپچىلەم «ئەقىلسىز»دەك، باي غەلىبە قىلغاندەك، ئەپچىلەم يېڭىلگەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن دەل مۇشۇ ئۈجمە سايىسىنى ئېلىش ۋە سېتىش نۇقتىسى باينىڭ رەسۋا بولۇشىنىڭ، ئەپچىلەملەرنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر، يەنى تۈگۈندۇر.

راۋاج — ئەپچىلەملەرنىڭ باينىڭ ھويلا، ئۆگزىلىرىدە قىلغان بەزمىلىرىدۇر.

يۇقىرى پەللىسى (كولمىناتسىيىسى) باينىڭ شەھەردىكى باي ۋە مۆتىۋەر دوستلىرى ئالدىدا رەسۋا بولۇشىدۇر.

يېشىم — باينىڭ قېچىپ كېتىشىدۇر.

# «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلەر كىم؟» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. يازغۇچى ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى ۋېي ۋېي جۇڭگو يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «شەرق» ناملىق رومانى بار. بۇ ئوچېرك ئۇنىڭ «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلەر كىم؟» دېگەن ماقالىلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان.

1950 - يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى قورچاق لىسىنمان باندىتلىرىنى يۆلەپ، چاۋشيەنگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. جۇڭگو خەلقى «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىنتېرناتسىئونالىزىم روھ بىلەن «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» پىدائىي قىسمى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا يولداش پېڭ دېخۇەينى بەلگىلىدى. بىزنىڭ پىدائىي قىسىملىرىمىز چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسى بىلەن مورىنى مورىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئۇرۇشتا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى. «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلەر كىم؟» دېگەن بۇ ئوچېرك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئارقا كۆرۈنۈش

قىلىپ يېزىلغان. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا بىزنىڭ پىدائىي جەڭچىلىرىمىز بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتقانىدى.

## 2. ئەسەر ھەققىدە تەھلىل

بۇ رېئال ۋەقەلەرنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان ئوچېرك بولۇپ، ئەسەردە شۇتاڭ ئىستانسىسىدىكى ئاياغلاشقان جەڭ مەيدانىنىڭ كۆرۈنۈشى، يىگىرمە بىر ياشلىق پىدائىي قىسىم جەڭچىسىنىڭ بىر كىچىك بالىنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقى ھەم ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپىدا بىر جەڭچى بىلەن قىلىنغان سۆھبەت قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي ۋەقە مەركەزلىك ھالدا بايان قىلىنىپ، ئەسەردە پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان يۈكسەك ئىنتېرناتسىئوناللىق روھقا ئىگە جاپا-مۇشەققەتنى راھەت دەپ بىلىدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ئىكەنلىكى چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەسەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن بەش بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى بۆلەك بىرىنچى ئابزاستىن ئۈچىنچى ئابزاسقىچە بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئاپتور چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ئالغان تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرگە تارتىدۇ، شۇنداقلا بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇجمەل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتنى تەكشۈرمەي چىقارغان يۈزەكى قاراشلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك تۆتىنچى ئابزاستىن توققۇزىنچى ئاب-
زاسقىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ تاڭ ئىستانسىسىدىكى ئاياغ-
لاشقان جەڭ مەيدانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تەسۋىرلىنىدۇ.
ئاپتور بۇ بۆلەكتە بۇ قېتىمقى جەڭدە پەقەت بىر لىيەن
ئەسكىرىمىزگە دۈشمەننىڭ ئوتتۇز ئىككى ئايروپىلان، ئون
نەچچە تانكا بىلەن قىلغان ھۇجۇمىنى، كۈچلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى زور پەرقنى، شىددەتلىك داۋام قىلغان سەككىز سا-
ئەتلىك جەڭ جەريانىدا پۈتۈن ئىستىھكاملارنىڭ كۆيۈپ
چوغقا ئايلانغانلىقىنى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆلۈكلىرىنىڭ
قوناق شېخى باغلىرىدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايان
قىلىپ، بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغان-
لىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭچىلە-
رىمىز ئوقلىرى تۈگەپ كەتكەندە مىلتىقلىرىنى ئىرغىتىپ
تاشلاپ، دۈشمەننىڭ بېنزىن بومبىلىرى پارتلاپ كېيىملە-
رىگە ئوت تۇتۇشۇپ كەتسىمۇ پەرۋا قىلماي دۈشمەن
ئەسكەرلىرىنى قۇچاقلاپ، ئۇلارنىمۇ كۆيدۈرۈپ، مەرد-
لەرچە قۇربان بولغانلىقىنى بايان قىلىپ، پىدائىي قىسىم
جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان پىداكارلىق
روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى
مەيدان مەنزىرىسىنى ئالاھىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھايات-
ماماتلىق ئېلىشىشتا پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنىڭ ۋەتەننىڭ
تىنچلىقى، چاۋشيەن خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قان-
چىلىك زور جاسارەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنتايىن تەسىر-
لىك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەك ئونىنچى ئابزاستىن ئون ئىككىنچى
ئابزاسقىچە بولغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بۆ-

لەكتە ئاپتور يىگىرمە بىر ياشلىق پىدائىي قىسىم جەڭچىسىگە ئۇچراشقانلىقىنى، ئۇنىڭ توپچى ئەسكەر لەرلىيەنىدىن پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنىگە يۆتكىلىشىنىڭ سەۋەبى ھەم شۇندىن كېيىنكى جەڭ پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ياش جەڭچى چاۋشيەن خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىگە كىرىپ، بىر كىچىك بالىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئوت ئىچىگە كىرىپ، پۈتۈن كىيىم - كېچىكىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەنلىكىگە قارىماستىن، بالىنىڭ ئاتىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ۋەقەلەر بىزنىڭ پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىلىق روھىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى بۆلەك ئون ئۈچىنچى ئابزاستىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئاپتور ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپىدا قار بىلەن تالقان يەپ ئولتۇرغان جەڭچى بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى يازىدۇ. بۇ جەڭچى ئاپتورنىڭ: «مۇشەققەت ھېس قىلمامسىز؟» دېگەن سوئالىغا: «نېمىشقا ھېس قىلمىغۇدەكمەن! بىز ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ئەمەس؛ ئەمما بىزنىڭ شان - شەرىپىمىزمۇ مانا شۇ مۇشۇققەتتە!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «قار يېيىش» بىلەن «ئاكوپتا ئولتۇرۇش» نىڭ چىقىش نۇقتىسى «خەلقنىڭ قار يېمەسلىكى، «خەلقنىڭ ئازاد، ئەركىن يۈرۈشى» ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاپتور يەنە بۇ جەڭچىنىڭ ۋەتەننى سېغىنغانلىقىنى، لېكىن ۋەزىپىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ ۋەتەنگە قايتمايدىغانلىقىنى، بۇنداق جاپا-مۇشەققەت تارتقىنى ئۈچۈن ۋەتەندىن، چاۋشيەن خەلقىدىن

ھېچقانداق ئىنئام تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، «چەت پەقلۋ-شيەن ئازادلىق خاتىرە ئىزىنىكى» گىلا ئىگە بولسا رازى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇلاردىن بىز جەڭچىلىرىمىزنىڭ ۋەتەنىنىڭ بەختەرلىكى، چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتىنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغان يۈكسەك پىداكار روھىنى كۆرىمىز.

ئاپتور يۇقىرىدىكى ئۈچ كىچىك ۋەقەئارقىلىق پىدائىي قىسىملىرىمىزنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، يۈكسەك ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھقا ئىگە، ۋەتەنىنىڭ تىنچلىقى ۋە بەختەرلىكى، چاۋشيەن خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى شەرەپ دەپ بىلىپ، قىلچە ھەق تەلەپ قىلمايدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بەشىنچى بۆلەك ئەڭ ئاخىرقى ئىلھاستىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئاپتور يۇقىرىدا بايان قىلغان ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى، كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنى «دۇنيادىكى بارلىق ياخشى نىيەتلىك، تىنچلىق سۆيەر خەلقلەرنىڭ ئېسىل گۈللىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەغرۇرلىنىشىغا ئەرزىيدىغان گۈللىرى» دەپ مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان قىزغىن مېھىر-مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

### 3. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) تاللىۋېلىنغان ۋەقەلەر گەرچە ئاددىي، كىچىك بولسىمۇ، شۇنداقلا بىر-بىرىگە باغلانمايدىغاندەك كۆرۈن-

سىمۇ، مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تولۇق ماسلاشقان. تاللىۋېلىنغان ئۈچ ۋەقە مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنىپ، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھقا ئىگە پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىز جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، ۋەتەننى قوغداشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ قارايدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى تولۇق ئاساسلاپ بېرەلىگەن.

2) ئاپتور ئەسىردە بايان قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش قاتارلىق ئۈچ خىل ئۇسۇلنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، باشتىكى مۇھاكىمە ئارقىلىق تېما ۋە تېمىنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كىتابخانلار جەلب قىلىنغاندىن كېيىن، ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ سۆزلىنىپ، نۇقتىنىزەر ئىسپاتلاپ چىقىلغان.

ئاپتور ۋەقەدىن كېيىن لىرىكىلىق ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ھەربىر ۋەقەنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىتابخانلارنى قايىل قىلىش، ھاياجانلاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن.

# «بۇزغۇنچى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

يازغۇچى ئەخەت ھاشىم 1934 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1952 - يىلى سابىق شىنجاڭ بيۇرو كادىرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك پارتكومدا ئىشلىگەن. 1962 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا ئىشلىگەن. ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە.

ئەخەت ھاشىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1953 - يىلى باشلانغان. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى «باھار مايسىلىرى»، «ياۋاسادىق»، «يالغانچى بىلەن گۆپپاڭچى» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى؛ «بۇدۇنە بىلەن سېغىزخان»، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق چۆچەك ۋە مەسەللەر توپلاملىرىنى ئېلان قىلدى.

«بۇزغۇنچى» ناملىق ھېكايىسى 1980 - يىلى يېزىلغان.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

بۇ ھېكايىدە ئىجتىھاتلىق ئۆسمۈر ئەسئەتنىڭ ھەر تۈرلۈك شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىپ،

ھە خىل سوئاللارنى سورىغانلىقىنى ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەر خىل تېخنىكا ئىگىلىگەنلىكىنى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ بالىسىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە بولغان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىسىنى تېما قىلىش ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىكىدىنلا بىلمىگەن نەرسىلەرنى سوراپ ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىشنى قوللاش - ئۆسمۈرلەردە قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ توغرا يولى، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

## 3. ھېكايىدىكى مۇھىم پېرسوناژلار

ئەسئەت ئوبرازى

ئەسئەت ئەسلىدە يۈزلىرى يۇپيۇمىلاق، كۆزلىرى يوغان، زېرەك، ئىجتىھاتلىق بالا ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئاتا - ئانىسىدىن «ئادەملەر نېمە ئۈچۈن تاماق يەيدۇ؟»، «لامپۇچكا نېمە سەۋەبتىن يانىدۇ؟»، «يۇلتۇزلار نېمىشقا كۈندۈزى كۆرۈنمەيدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى زېرىكمەي سوراپ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. ئەسئەتنىڭ گۆدەك قەلبىدە پەيدا بولغان بۇ خىل قىزىقىش ئاپىسىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، دادىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولىدۇ.

ئەسئەتنىڭ بۇ خىل ئىزدىنىش روھى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئۆتۈلۈۋاتقان پەنلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلمىگەن يەرلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تارتىنماي سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بەشىنچى سىنىپقا چىققاندا مەكتەپ بويىچە ھەممە كىشى ماختايدىغان ئوقۇغۇ-

چىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يەنە دەرسلىكتىكى تەجرىبىلەرنى ئۆيىدە ئىشلىيەلەيدىغان، قولۇپ، رادىئولارنى چۇۋۇپ، ئىچىنى كۆرۈپ باقالايدىغان بولىدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ ھەر خىل توسقۇنلۇقلىرىغا قارىماستىن، دادىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئۆز ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋېلىسىپتىنى چۇۋۇپ قايتا قۇراشتۇرۇۋاتقان بالا ئىككى ۋىنتىنى بېكىتىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە ئۇچراپ، «بۇزغۇنچى» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. بىراق دادىسىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن بۇ ئىشنىمۇ دەرھال ئىگىلىۋالىدۇ. سائەتنى چۇۋۇپ تازىلاش ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدا گەپ تەگىشىشكە سەۋەب بولىدۇ. لېكىن ئەسەتنىڭ ئۇستەل سائىتىنى توغرا قۇراشتۇرۇپ چىقىشى ئانىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئاپتور ياش ـ ئۆسمۈر ئەسئەتنىڭ سوئال سوراشتىن نەرسىلەرنى چۇۋۇپ كۆرۈپ بېقىشقا، كۆرۈپ بېقىشتىن قايتا قۇراشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۈشكىچە بولغان ئۆسۈش جەريانىنى ئانىنىڭ قارشىلىقى، ئاتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئىچىدە قويۇپ تەسۋىرلەپ، بىلىم ۋە ئىقتىدارغا توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، ئۇزۇن مۇددەت، ئىزچىل جاپالىق ئەجىر قىلىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەسئەت ئانىسى بىلەن يازلىق تەتىلدە تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تاشلىنىپ قالغان رادىئونى «تىلغا كىرگۈزىدۇ»، دېھقانلارنىڭ رادىئولىرىنى رېمونت قىلىپ بېرىپ،

ئۇلارنىڭ «شاكىچىك مۇتەخەسسىس» دېگەن باھاسىغا ئېرىشىدۇ. بۇ نەتىجە ئۇزۇندىن بېرى قارشىلىق قىلىپ كەلگەن ئانىسىنىمۇ قايىل قىلىدۇ.

دەرۋەقە، ئەسئەتنىڭ بۇ خىل نەتىجىگە ئېرىشىشى بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشى؛ ئىككىنچىدىن، ئاتىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىشى، كۆيۈنۈپ ياردەم بېرىشى بىلەن بولىدۇ. بۇ يەردە ئانىسىنىڭ توسقۇنلۇقى ئەسئەتنىڭ قەيسەر ئىرادە يېتىلدۈرۈشىگە، ئوڭۇشسىز شارائىتنى يېڭىپ، تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئىشلەش قىزغىنلىقىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئاپتور ئەسئەتنىڭ باللارغا خاس قىزىقىش ئادىتىنى تەدرىجىي ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، قورقماي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىر ئۇنى «شاكىچىك مۇتەخەسسىس» قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ، بۇ ئارقىلىق باللار تەربىيىسىدىكى بىر مۇھىم مەسىلىنى، يەنى باللارنىڭ قىزىقىشىنى قوللاش؛ ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش، قورقماي ئىشلەش ئارقىلىق ئەقلىي پاراسەت ۋە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇرچى، دېگەن ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ھېكايىدىكى ئاتا - ئانا ئوبرازى

ئاپتور ھېكايىدە ئەسئەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئەسئەتنىڭ قىزىقىش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ھەرىكەتلىرىگە تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلىرى ئارقىلىق مەركەزلىك ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ مىجەزى

چوس ئانىسى بۇسارەم ئوغلىنىڭ «ئاجايىپ مىجەزى» نى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ھادىسىلەرنىڭ سىرىغا قىزىقىپ سو- رايدىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيلا قالماستىن، «تولا گەپ قىلدىڭ»، «ئۆيىنى پاسكىنا قىلدىڭ»، «يېتىم ئاقسا- قال» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرماقچى بولىدۇ. دادىسى بولسا، ئېغىر - بېسىق، بالى- سىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولغاچقا، بالىسىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا زېرىكمەي - تېرىكمەي چۈشىنىشلىك قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇنىڭ بىلمىگەن يەر- لىرىنى ئۆگىتىپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، ئىشلىشكە ئىلھام، ياردەم بېرىدۇ.

ئاپتور ئەسەتنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلىرىدىكى توغرىلىق بىلەن خاتالىق- نى، ھەق بىلەن ناھەقنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئانىنىڭ بالىسىنىڭ تەربىيىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەنقىد قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئوغلىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئانىغا ئۆز خاتالىقىنى تونۇتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاتا - ئا- نىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چىندىن كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن: بىرىنچى بۆلەكتە ئە- سەتنىڭ غەلىتە مىجەزى تونۇشتۇرۇلۇپ؛ ئىككىنچى بۆلەكتە ئۇ نېمە ئۈچۈن «بۇزغۇنچى» دەپ ئاتىلىپ قالىدىغانلىقىغا

ئاساس يارىتىلغان.

ھېكايىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ئەسىئەتنىڭ سوئال سوراشتىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ قىلغان ئىشلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش، ئىز-دىنىش پائالىيەتلىرىنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، ئىق-تىدارلىق بالا بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قەدەم قويغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى بۆلەكتە ئەسىئەتنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ توغرا بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدىكى ئەمەلىي سىناق ئەھۋالى يېزىلىپ، ئەسىئەتكە بولغان توسقۇن-لۇقنىڭ ئورۇنسىزلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تۆتىنچى بۆلەكتە ئەسىئەتنىڭ ئەنە شۇنداق تى-رىشچانلىقى ۋە ئىجتىھاتلىرىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى گەۋ-دىلەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان-لىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

2) ئاپتور ئەسىئەتنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۇنى بىر تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىگەن قىلىپ بايان قىلما-تىن، قارشىلىق ۋە قوللاشتىن ئىبارەت زىددىيەت توقۇ-نۇشى ئىچىگە قويۇپ بايان قىلىپ، پەيدىنپەي ئېچىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. شۇڭلاشقا زىددىيەت كىشىلەر ئىشىنەرلىك ھالدا ھەل قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىگە قارىتا كىتابخانلاردا چىنلىق تۇيغۇسى ئويغاتقان.

3) ئەسەر ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تىلى، ئوي - پىك-رىگە لايىق ھالدا ئاددىي، يەڭگىل، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىلغان.

## «ئاخىرقى دەرس» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئاپتور ۋە ھېكايىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى دائودىت (1840 — 1897) فرانسىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى ئاتاقلىق رومان يازغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، زاۋۇت ئىگىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دائودىت ئون بەش ياشقا كەلگەندە ئائىلىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ، ئوقۇشنى تاشلاپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن ئۇ پارىژدا تۇرۇۋاتقان ئاكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. دائودىت ئۆسمۈر ۋاقتىدىلا جەمئىيەتكە ئارىلاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئادەملەرنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ مېڭىشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ يېتىشىشىغا ئاساس بولۇپ قالىدۇ.

يازغۇچى 1865 - يىلى «تۈگمەن خاتىرىلىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. 1868 - يىلى يېزىلغان بىئوگرافىك رومانى «كىچىك نەرسە» دە بۇرژۇئازىيە باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دائودىت 1870 - يىلى

فرانسىيە بىلەن پرۇسسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ھەربىي خىزمەتكە قاتنىشىپ، فرانسىيىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. نەتىجىدە ئۇنىڭدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇرغۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1873 - يىلىغا كەلگەندە بۇ ئۇرۇشنى تېما قىلغان «دۈشەنبە ھېكايىلەر توپلىمى» نى نەشر قىلدۇردى. «ئاخىرقى دەرس» مۇشۇ ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئون ئۈچ رومان، تۆت ھېكايىلەر توپلىمى ئېلان قىلغان. «ئاخىرقى دەرس» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدا ئەنئەنىۋى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قىلىنىپ كەلمەكتە.

1871 - يىلى فرانسىيە - پرۇسسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ فرانسىيە تەسلىم بولدى. شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈلۈپ، كېلىشىم بويىچە فرانسىيە ئالزاس ئۆلكىسى بىلەن لورري ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى پرۇسسىيىگە بەردى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىدىن غەزەپلىنىپ كەلگەن پارىژ پرولېتارىياتى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تارىختىكى مەشھۇر «پارىژ كوممۇنىسى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن قوش زەربىگە ئۇچرىغان بۇرژۇئا ھۆكۈمىتى ۋېرسالغا قېچىپ بېرىپ، پرۇسسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچى بىلەن پارىژ كوممۇنىسىنى باستۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئالزاس ئۆل-

كىسى ۋە لورردىنىڭ شەرقىدىكى فرانسۇز خەلقى دۈشمەن تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىپ، مۇنقەرزلىك ئاسارىتىـ گە چۈشۈپ قالىدۇ. نېمىس باسقۇنچىلىرى بۇ ئورۇنلاردا فرانسۇز تىلىنى ئوقۇتۇشنى مەنئىي قىلىپ، خەلقنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىمۇ دەپسەندە قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايىسى ئەنە شۇنداق تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان مەلۇم يېزىدىكى شوخ، بەڭباش بالا فرانس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاخىرقى دەرسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساپ، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان تەشنالىقى بىردىنلا كۈچىيىپ، مۇنقەرزلىكنىڭ ئازابىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى تېما قىلىش ئارقىلىق نېمىس باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى، زوراۋانلىقىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، فرانسۇز خەلقىنىڭ ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئەركىنلىكىگە بولغان سېغىنىشىنى، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

## 3. ھېكايىدىكى مۇھىم پېرسوناژلار

فرانس ئوبرازى

فرانس ئەسلىدە شوخ، بەڭباش، دەرس ئۆگىنىشكە، مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئېتىبار بەرمەيدىغان ئۆسمۈر. ئۇ مەكتەپكە كې-

چىكىپ بېرىپ، دەرسنى ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكىنى ھەمىشە ئوقۇتقۇچىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كې-چىكىپ قالسا ياكى دەرسنى ياخشى تەكرار قىلالمىسا، مۇ-ئەللىمنىڭ تەنقىدلىشىدىن، دەرسنى سوراپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مەكتەپكە بارماي دالاغا چىقىپ ئوينايدۇ. فرانس دالاغا سەيلىگە چىققاندا مەكتەپ ئىنتىزامى ۋە ئۆگىنىشنى ئۇنتۇپ، خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ئىللىق ھاۋا، گۈل-چېچەك، سايراۋاتقان بۇلبۇللاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ. مەشق قى-لىۋاتقان پروسيه ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. مۇنداق بىكارتەلەپلىكىنىڭ پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشىنى ئۆگىنىشكە قارىغاندا تولىمۇ قىزىقارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ئادەم توپلاشقان ئورۇنلارغا بېرىپ، نېمە ۋەقەلەر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى كېلىدۇ. ئاپتور بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكىنى مەكتەپ ئىنتىزامىغا ۋە ئۆگە-نىشكە سەل قارىغان روھىي ھالىتىنى توغرا ئەكس ئەت-تۈرۈپ بېرىدۇ.

بىراق فرانس ئويۇن - تاماشىغا قىزىقىدىغان بەك-باش بالا بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دۈشمەن-نىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشىغا نىسبەتەن نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلان تاختىسى ئەتراپىغا ئولاش-قان كىشىلەرنى كۆرگەندە كۆڭلى ئەنسىزچىلىككە تولۇپ، «يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئويلايدۇ. پروسيه ئەس-كەرلىرىنىڭ مەشقىنى كۆرگەندە قورقۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەتلەر ياش فرانسنىڭمۇ قەلبىدە دۈشمەنگە قارىتا

ساددە ئۆچمەنلىكنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

فرانس «ئاخىرقى دەرس» ئۆتۈلگەن ۋاقىتىدىمۇ كېچىكىپ كىرىدۇ. بىراق بۇ قېتىم ئوقۇتقۇچى ئۇنى گەپ قىلماستىن، مېھرىبانلىق بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئۇ سىنىپنىڭ جىملىق كەيپىياتىنى، خەنمەير ئەپەندىنىڭ كىيىنىشىنى، بىرمۇنچە پېشقەدەم قېرىلارنىڭمۇ كىرىپ دەرس ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەسرەتكە تولغان كەيپىيات ئىچىدە دەرسنى ئادەتتىكىدىن تەسىرلىك ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ.

مانا شۇ ۋاقىتتىلا ئۇ ئىلزاس، لاتارىنگىدىكى مەكتەپلەردە فرانسۇز تىلىنى ئوقۇتۇش توختىتىلىپ، نېمىس تىلىنىلا ئوقۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ دەرسنىڭ «ئاخىرقى دەرس» بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىدۇ - دە، ئۇنىڭ كىچىككىنە قەلبىدە ھازىرغىچە بولۇپ باقمىغان ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ خەنمەير ئەپەندىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا «ئىچى سىرىلىپ كېتىدۇ» - دە، «مېنىڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسىم ئىكەن بۇ» دەپ ئويلاپ، ئانا تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋالمىغانلىقىغا، دەرس ۋاقىتلىرىدا ئويناپ، سۇ ئۈزۈپ، تېرىشىپ ئۆگىنىدىغان پۇرسەتلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ. «مەن بايىلا دەرسلىكلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى ئېغىر كۆرۈپ، بىزار بولغانىدىم. ئەمدىلىكتە خۇددى قەدىناس دوستلىرىمدەك، بۇلاردىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ» دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەنقىد - تەنبىھلىرىنى ئۇنتۇيدۇ، ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇندىن كېيىن قايتا كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىغا قاتتىق

ئېچىندۇ. مانا بۇ بىرقاتار ئىچكى كەچۈرمىلەر فرانسىـنىڭ
تونۇشىدا كەسكىن بۇرۇلۇش پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىـ
دۇ. يازغۇچى بۇلار ئارقىلىق كىچىك فرانسىنىڭ ئادەتتىكى
ۋاقىتلاردا بەڭباشلىق قىلىدىغان بالا بولغىنى بىلەن مۇنـ
قەرزلىك تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان ۋەقەلەرنى چۈشىنىپ
يەتكىنىدە، ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى، ۋەتەنـ
پەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئويغىنىپ، ئۆز ئانا تىل - يېزىقىنى
ئۆگىـنىش پۈرسىتىنى يوق قىلغـان دۈشمـەنگە قاتتىق
ئۆچمەنلىكى قوزغالغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ۋەتەنگە، ئانا تىل، يېزىققا بولغان مۇھەببەت، باسـ
قۇنچىلارغا بولغان نەپرەت فرانستا زور ئۆزگىرىش پـەيدا
قىلىدۇ. ئۇ «ئاخىرقى دەرس» نى مەڭگۇ ئۇنتۇمـايدىغانلىـ
قىنى، قەلبىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان (ئانا تىلىنـى
ئۆگىنىشكە بولغان) بىر خىل تەشنالىقنىڭ پەيدا بولغانلىـ
قىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم
بـولغـان كىشىنىڭ ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقى ۋە تېنى
ئاياغ ئاستى قىلىنغان كىشىنىڭ ئازادلىققا بولغان قىزغىن
ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان تەشنالىق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا
«گراماتىكا» دېگەن سۆز «ۋەتەن» دېگەن سـۆز بـىلـەن
مەنىداش «فرانسۇز تىل، يېزىقىنى سۆيۈش» دېگەن سـۆز
ۋەتەننى سۆيۈش دېگەن سۆز بىلەن چەمبەرچـاس باغـ
لىنىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ.
ئاپتور فرانس ئوبرازىنى ئىنتايىن جانلىق ۋە رېئـال
قىلىپ ياراتقان. ئۇنىڭدا گۆدەكلىك تۇپـەيلىدىـن پـەيدا
بولغان يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ئاياغ ئاستى قىـ
لىشىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىنكى كەسكىن ئۆزگىرىشـ

نىمۇ كىشىلەر ئىشەنگۈدەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، باللاردىن چوڭلارغىچە بولغان بارلىق فرانسۇز خەلقىنىڭ نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى غەزەپ - نەپرىتىنى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىقىگە بولغان كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن.

## خەنمەير ئەپەندى ئوبرازى

خەنمەير كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە زىيالىي بولۇپ، پروسسىيە تاجاۋۇچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشىغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان قەيسەر ئوقۇتقۇچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىش ئىشىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. دەرسكە ۋاقتىدا كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەمىشە سۈرۈشتۈرۈپ، تەربىيە بېرىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆز يۇرتى دۈشمەن تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن غەزەپ - نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، فرانسۇز تىلىنى ئوقۇتۇشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئاخىرقى دەرس» نى تېخىمۇ ياخشى ۋە تەسىرلىك ئۆتۈپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئويغىتىدۇ. ئۇ ئاخىرقى دەرسكە بايرام كۈنىدىكىدەك كىيىنىپ كېلىپ، ئانا تىلىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشتىياق بىلەن ماختاپ، «دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق تىل»، «دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ قۇل قىلىنغان خەلق ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى

يادىدا چىڭ ساقلىيالىسا، تۈرمە دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان
ئاچقۇچقا ئىگە بولالايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش چوڭقۇر مە-
نىلىك مۇھاكىمىلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە
«مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان» دەرىجىدە تەسىر پەيدا قىلىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭ-
لىمايدىغان فرانستەك بەڭباش بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق
تەسىرلىنىدۇ.

ئاپتور خەنمەير ئەپەندىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە قا-
رىماستىن ئاخىرقى پۇرسەتتە ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە ئېلىپ
بارغانلىقىنى ئالاھىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ يۈك-
سەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، ياش ئەۋلاد-
لارغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارايدىغان ھەقىقىي ئۇستاز
ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، خەنمەير ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يالغۇز
ئانا تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، ۋەتەن ئۈچۈن
جان پىدا قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتىمۇ
ئۇلارنىڭ مۇناسىپ ئۇستازى ئىدى. شۇڭا ئۇ چوڭقۇر مۇ-
ھاكىمە بىلەن تولغان سۆزلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى
دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ۋەتەننى ئازادلىق، ئەر-
كىنلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.
چېركاۋ قوڭغۇرىقىنىڭ ئون ئىككى قېتىم سوقۇلۇشى «ئا-
خىرقى دەرس» نىڭ تۈگىگەنلىكىنى رەمىزلىك بىلەن
جاكارلايدۇ. خەنمەير ئەپەندى مۇشۇنداق ئازابلىق مىنۇت-
لاردا ئېچىنىشلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى باسالماي دېڭىز
دولقۇنلىرىدەك قايناپ تاشىدۇ. يۈزلىرى تاتىرىپ، گېلى
بوغۇلۇپ، سۆز قىلالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

ئىپتىشقا تىگىشلىك بولغان ھەممە پىكىر - تەشەببۇسلىرىنى بىر جۇملە سۆزگە يىغىنچاقلاپ، دوسكىغا «ياشىسۇن فرانسىيە!» دىگەن سۆزنى يازىدۇ. بۇ سۆز خۇددى يانار تاغ پارتلىغاندەك تۇيۇلۇپ، پۈتۈن دەرسخانىنى، دەرسخانىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتىۋېتىدۇ. شۇنداقلا خەنمەير ئەپەندى ئوبرازىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇلۇغۋار خاراكتېرىنىمۇ تولۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ.

دېمەك خەنمەير ئەپەندىنىڭ «ئاخىرقى دەرس» تىكى بۇ بىر قاتار سۆز - ھەرىكەتلىرى فرانسۇز خەلقىنىڭ دۈشمەنگە تىز پۈكمەيدىغان قەتئىي ئىرادىسىنى، ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان يۈكسەك جاسارىتىنى، دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن بەل باغلىغان جەڭگىۋار ئىرادىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

دائودىتنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇ ئەسەرلىرىنى ئۆتكۈر سەزگۈ، كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇ مەلھەملىرى بىلەن توييۇندۇرۇپ، كىتابخانلارنى دەرھال مەپتۇن قىلىۋالىدىغان قۇدرەتكە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى بۇ ھېكايىسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق تاپقان.

1) ھېكايىدە ھېس - تۇيغۇ كۈچلۈك، مەنزىرە تەسۋىرلىرى پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن. مەسىلەن، فرانسىنىڭ مەكتەپكە بېرىش يولىدىكى ۋە دالا سەيلىسىگە چىققان ۋاقتىدىكى مەنزىر-

لەر شۇنچە گۈزەل ۋە يېقىملىق تەسۋىرلىنىپ، فرانسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەنزىرىلەر تەسۋىرى ۋەقەلەرنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ، مۇنقەرزلىككە چۈشۈپ قېلىشنىڭ يامان ئاقىۋېتىنى تېخىمۇ ئېچىپ بەرگەن.

خەنمەير ئەپەندىنىڭ ھويلىسىدىكى گۈلزارلىق تەسۋىرىمۇ شۇنچە يارقىن. ئوقۇتقۇچى ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئاشۇ گۈزەل مۇھىتتىن مەجبۇرىي ھەيدىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقى، ئانا يۇرتىنىڭ سۆيۈملۈكلۈكى بىلەن دۈشمەننىڭ زوراۋانلىقى ۋە قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈشنىڭ دەھشەتلىكلىكى بىر - بىرىگە كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنىپ، مەركىزىي ئىدىيە تېخىمۇ يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

پېرسوناژلار خاراكتېرىنى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ئۆزگىرىشلىرىنى ۋەقەلەر تەرەققىياتى جەريانىدا ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى دەل ۋە توغرا ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن.

2) ھېكايىنىڭ تىلى ئىنتايىن يېقىملىق ۋە ئوبرازلىق بولۇپ، فرانس ۋە خەنمەيرگە قارىتا ياش پەرقى، بىلىم سەۋىيىسى، مىجەز - خۇلقى ۋە كەچۈرمىشلىرىگە ماس سۆزلەر ئىشلىتىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى دەررۇ بىلىۋالغىلى بولىدىغان دەرىجىدە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن.

3) ھېكايە بىرىنچى شەخس «مەن» نىڭ بايان قىلىشى بىلەن بېرىلگەچكە، ئۇنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلىرى، ئويلىغان ئويلىرى، تەسىراتلىرى. چۈشەنچىلى-

رىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىشكە قولايلىق زېمىن هازىرلانغان. مەسىلەن، فرانس دەسلەپتە گۆدەك بولۇپ كۆرۈنسە، ئاخىرىدا ياشلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆگىنىش هەرىكەتلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىكىنىڭ كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي هاياتىغا تەسىر قىلىپ تۇرىدىغان هەممىدىن قىممەتلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

4) ئاپتور هېكايىنىڭ ئاخىرىدا دوسكىغا «ياشىسۇن فرانسىيە» دېگەن جۈملىنىڭ يېزىلغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەركىنلىك، ئازادلىق يولىدىكى كۈرەشنىڭ جاپالىق ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ هەقتە سۆزلىنىدىغان گەپنىڭ ئىنتايىن موللۇقىنى، مۇنقەرزلىك ئازابىنىڭ دەهشەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روهىنى ئەڭ يارقىن قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

# «ياشايسەن تاغ بولۇپ» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 1941 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ تىجەن يېزىسىدا تۇغۇلغان 1949 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1956 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. شۇنىڭدىن بېرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە.

ئاپتورنىڭ تۇنجى شېئىرى 1956 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ھازىرغىچە «ئۈمىد چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «دەريا ۋە بۇلاق» ناملىق ھېكايە ۋە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

ئاپتورنىڭ «ياشايسەن تاغ بولۇپ» ناملىق شېئىرى 1982 - يىلى يېزىلغان.

## 2. شېئىرنى تەھلىل قىلىش

شېئىر ئاساسەن ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بۆلەكتە ھەيۋەتلىك تاغ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شائىر تولۇپ – تاشقان قايىللىق ھېسسياتىغا چۆمۈلگەن ھال-
دا تاغنىڭ سەلتەنەتلىك قەددى – قامىتىنى يۈكسەك تە-
سەۋۋۇرى بىلەن سىزىپ بەرگەن.

ئالدىمدا ھەيۋەتلىك قاتمۇ قات بىرتاغ،
تۇرىدۇ يۈركۈتتەك كۆكسىنى كېرىپ.
يالتىراق چوققىسى بۇلۇتنى سۆيگەن،
تۇرىدۇ خەنجەردەك سامانى يېرىپ.

بۇ ھەيۋەتلىك تاغ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قېرىلىق مەۋ-
سۇمىگە قەدەم قويغاندەك ئەمەس، تېخىمۇ ياشىرىپ كېتى-
ۋاتقاندەك سېزىلىدۇ. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بۇتاغ
ئوبرازى شۇنچىلىك مۇستەھكەم، شۇنچىلىك كۆركەمكى ئۇ-
نىڭغا تىل بىلەن تەرىپلىگۈسىز قىممەت ئاتا قىلىنغان.

بوراندا پولاتتەك تاۋلىنىپتۇ ئۇ،
يامغۇردا پارقىراپ كېتىپتۇ شۇنچە.
ئاق قارلار بېشىغا ئۇكە تاقاپتۇ،
مۆلدۈرلەر كۆكسىدە بولۇپتۇ ئۈنچە.

دېمەك تەبىئەتنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى ئۇنىڭ ۋۇجۇ-
دىغا جەملەنگەن. ھاياتنىڭ پۈتۈن مەنىسىمۇ ئۇنىڭ كۆر-
كەم بەستىدە نامايان بولغان، شۇڭا كېچىسى ئۇنىڭ باغ-
رىنى ئاي نۇرى بېزىسە، كۈندۈزى كۈن نۇرى ئۇنىڭ
ھۆسنىنى تاماشا قىلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك كېيىنكى ئۈچ كۇپلېتتىن ئىبارەت
بولۇپ، شائىر بۇ بۆلەكتە پىكرىنى تاغنىڭ ھەيۋەتلىك،
مەغرۇر قەددى – قامىتىدىن ئادەملەر ھاياتىغا يۆتكەپ،
تاغ ھاياتى بىلەن ئادەملەر ھاياتى ئوتتۇرىسىدىكى مە-
ۋى بىرلىكنى گەۋدىلەندۇرگەن؛ دەرۋەقە، ئەل بەختى ئۇ-

چۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، مەردلەرچە ياشاش — ھەرقانداق ئادەم ئاسانلا ئورۇندىيالايدىغان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر غايىلىك كىشىدە ئۆز ھاياتىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلايدىغان، يۈكسەك ئىرادە، قايتماس كۈرەشقىلىش روھى بولۇش كېرەك.

ياشىساڭ شۇ تاغدەك ئەل بەختى ئۈچۈن،
بوران - چاپقۇندا قۇدرەتكە تولۇپ.
يامغۇردا، قاردا، پەژ - پەژ ئىسسىقتا،
تۇرساڭ تەۋرەنمەي يۇرت كۆزى بولۇپ.

مانا شۇ چاغدىلا سېنىڭ ھاياتىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يارىتقان ئۇلۇغۋار ھايات بولالايدۇ. خەلقىمۇ سېنى، سېنىڭ ئەجرىڭ، مېھنەت تەرىڭنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ. سەن ئەلنىڭ قەلبىدە گويا تاغدەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرسەن.

ئاخىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق توغرا،ئۇلۇغۋار كىشىلىك ھايات قارىشىغا بولغان قايىللىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشلارنىڭ بالدۇرراق بۇ خىل قاراشنى تىكلەپ، ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ئىلھام، ئۈمىد، ئىزدىنىش بەخش ئېتىدۇ.

### 3. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) شائىر بۇ شېئىردا توغرا، ئۇلۇغۋار كىشىلىك ھايات قارىشىنى بۇرۇنراق تىكلىشىمىز كېرەك، دېگەن مەر-

كىزىي ئىددىيىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئەمما بۇ خىل ئىددىيە توغرىدىن توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ، ئالدى بىلەن تاغ ئوبرازىنى سىزىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەبىئىي سىڭدۈرۈلگەن. مانا بۇ ئابستراكت پىكىر ۋە تەشەببۇسنى ھەقىقىي رەۋىشتە جانلىق، كۆركەم ئوبرازغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

شېئىر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلىق شېئىرىي ئىجادىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىپ چىقارغان نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ھەقىقىي ياخشى شېئىر ھېچبىر پىكىر، ھېچبىر خاھىشنى توغرىدىن توغرا ئوتتۇرىغا قويماي ۋاستىلىك، ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەن ئادەتتىكى شېئىرلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. دېمەك «ياشايسەن تاغ بولۇپ» دېگەن شېئىر مۇشۇ جەھەتتىن ياخشى شېئىر ئۆلچىمىگە يەتكەن. بىز ئوقۇغۇچىلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقچى بولساق دەسلەپكى مەشقىمىزدىن باشلاپ، مۇشۇنداق نەزەرىيەۋى ھەم ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىۋېلىشىمىز لازىم.

2) شېئىرنىڭ تىل قۇرۇلمىسى تاللانغان، تاۋلانغان ھەم سىتىلىستىك ۋاستىلەر ئارقىلىق گۈزەل ئوبرازلىق، ھېسسىياتلىق قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، تىلغا ئېلىنغان شەيئى، ھادىسىلەر «سۈپەتلەش» ۋاستىسى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى گەۋدىلىك، كۆركەم قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ھەيۋەتلىك قاتمۇ قات بىر تاغ، يالتىراق چوققىسى،
ئاق قارلار، يالقۇنلاپ، قىزىل چوغ بولۇپ.

دېگەن مىسرالاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر سۈپەتلەش

بولۇپ، ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سۆزلەرنى سۈپەتلەپ، ئېنىقلاپ، كۆركەملەشتۈرۈپ بەرگەن.

ئوخشىتىش:

تۇرىدۇ بۈركۈتتەك كۆكسىنى كېرىپ، تۇرىدۇ خەنجەردەك
سامانى يېرىپ. بوراندا پولاتتەك تاۋلىنىپتۇ ئۇ، ياشىسا
ئادەممۇ ئېخ ئاشۇ تاغدەك. ياشىساڭ شۇ تاغدەك ئەل
بەختى ئۈچۈن.

قاتارلىق مىسرالاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىنى ئىككىنچى بىر شەيئىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن.

جانلاندۇرۇش:

يالتىراق چوققىسى بۇلۇتنى سۆيگەن، كەلمەكتە
ياشىرىپ ئەسىرلەپ ئۇزاق. ئاي، يىللار ئۇنىڭغا
قېرىلىق ئەمەس، ياشلىق كۆركىدىن تاقاپتۇ
مونچاق. كۈن نۇرى ھۆسنىنى بېزەپتۇ شۇنداق.

قاتارلىق مىسرالاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر «جانلاندۇرۇش» بولۇپ، تاغنى ئادەملەردەك ھەرىكەتكە، ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ، يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلغان.

دېمەك شائىر تەشەببۇس قىلماقچى بولغان خاھىشنى روشەن، گۈزەل، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن ...

## «ھاياتنىڭ ئۇلۇغ، ئۆلۈمنىڭ شەرەپلىك» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

1946 - يىلى قىشتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچيۈز يىگىرمە مىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشىيا ئازاد رايونىغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئارمىيىمىز ئۆزلۈكىدىن تاشلاپ چىققان يەنئەننى ۋە شەنشى - گەنسۇ - نىڭشىيا رايونىنىڭ بارلىق ناھىيە - شەھەرلىرىنى ئىلگىرى - ئاخىر بېسىۋالدى. گومىنداڭ بۇ رايونلاردا قورچاق ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى ۋەھشىيانە قىرغىن قىلدى. بۇ ئوچېركتا تىلغا ئېلىنغان يۇنجۇشۇ كەنتى شەنشى - سۈيۈەن ئازاد رايونىغا تەۋە بولۇپ، بۇ دۈشمەن بېسىۋالغان يېزىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلاردىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا يوشۇرۇن كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقىي شىمال رايونىنى قوغداپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە زىچ ماسلىشىۋاتاتتى.

ئوچېركتا تىلغا ئېلىنغان قورچاق كەنت باشلىقىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭدىن كېيىن دۈش-

مەن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئۆچ ئېلىشقا كىرىشىدۇ. ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ خۇلەنمۇ ئۆچ ئېلىشقا دۇچ كېلىپ، دۈشمەننىڭ ئالداش، تەھدىت سېلىش، قىيناش ھەرىكەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئىنقىلاب مەنپەئەتىنى، ئىنقىلابىي سەبداشلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ.

## 2. ئوچېركنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

ئوچېرك ئاساسەن تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئوچېركتا 1947-يىلى يېڭى يىل باشلىنىش بىلەنلا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، مەركەزلىك ھالدا ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ خۇلەننىڭ 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۈشمەنگە تىز پۈكمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئوچېركنىڭ بىرىنچى بۆلىكى باشتىن تارتىپ ئالتىنچى ئابزاسقىچە بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئاپتور گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ گۇمران بولۇۋاتقان ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن غالجىرلارچە ئۆچ ئېلىشقا كىرىشىپ، ئازاد رايونلاردا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ياردەم قىلغان ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ۋەھشىيانە قىرغىن قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۈشمەننىڭ قىساسچىلار ئەترىتى يۈنجۇشۇ كەنتىگە كېلىپ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان بىر خائىننىڭ پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى بولغان شى سەنكۈي بىلەن خەلق ئەسكىرى شى ليۇئېرنى تۇتۇپ كېتىدۇ. ھايات-

مامات مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان قىيىن شارائىتتا ليۇخۇلەن قىلچە قورقماي ۋە ئىككىلەنمەي، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يېڭى كۈرەشكە تەييارلىنىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ تاغقا چىقىپ كەت دېگىنىگە قارىتا، «مەن بىر كادىر، خىزمەت ئورنۇمدىن ئىختىيارىمچە ئايرىلىپ كەتسەم بولمايدۇ» دەپ قەتئىي ئۇنىمايدۇ. ئۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە دەلدەل - ئىسپاتلارنى يوقىتىۋېتىپ، قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، دۈشمەن بىلەن قانداق كۈرەش قىلىش ھەققىدە ئىدىيىۋى جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئاسىيلىق قىلماسلىققا بەل باغلايدۇ.

خۇلاسىلىگەندە بىرىنچى بۆلەكتە دۈشمەننىڭ غالجىرانە قىرغىنچىلىقى ئالدىدا ليۇخۇلەننىڭ قىلچە تەمتىرىمەي، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتىرىنى ئويلىماي، ئىنقىلابىي خىزمەت ۋە يولداشلىرىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىلا باش قاتۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ئالىيجاناب پەزىلىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ليۇخۇلەننىڭ ئۆزى «ئويلاپ يەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئېغىر سىناقلارنى كۈتۈۋېلىشقا بەل باغلىشى»، پارتىيە تەشكىلىنىڭ قارارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ، پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى ۋە يولداشلىرىنى ئويلىغانلىقىدەك ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئىنقىلاب يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان پىداكار جەڭچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوچېركىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى يەتتىنچى ئابزاستىن («ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ...» دېگەن يەردىن باشلاپ) ئون ئىككىنچى ئابزاسقىچە بولۇپ، بۇنىڭدا ئاپتور ليۇخۇلەننىڭ تاغقا مېڭىشقا ئۈلگۈرەلمەي، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرى-

سى ئىچىدە قالغان چاغدىكى روھىي ھالىتى ۋە سۆز-ھەرىكەت-لىرى ئارقىلىق دۈشمەننىڭ تېنچتىشىدىن قورقماي، يەنىلا ئۆزىنى ئويلىماي باشقىلارنى ئويلىغان ئىنقىلابىي ئىرادە ۋە جاسارىتىنى بايان قىلىدۇ.

ليۇخۇلەن تاغقا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا دۈشمەن كەنتكە بېسىپ كىرىدۇ، دېھقانلار ئۈ-يۈشمىسىنىڭ كاتىپى شىۋۈزانىڭ ئاسىيلىق قىلىپ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسەن كەڭ كۆلەملىك تېنچتىش ئېلىپ بارىدۇ. ليۇ خۇلەن ئانىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن جىن جۇڭ يەڭ-گىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوشۇرۇنماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ يەرگە ئۆزىگە ئوخشاش يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى، شۇنداقلا تۇغۇتلۇق ئايال ۋە ئۇنىڭ ئالتە كۈنلۈك بالى-سىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىنى ئويلاپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆي-دىن چىقىپ كېتىدۇ. ئاپتور بۇ بۆلەكتە ليۇخۇلەننىڭ ھا-يات - ماماتلىق پەيتتىمۇ باشقىلارنى ئويلاپ ئۆزىنى ئوي-لىمايدىغان كوممۇنىستىك روھىنى مەدھىيىلەيدۇ.

ئوچېركىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى ئون ئۈچىنچى ئابزاس-تىن («ليۇخۇلەن دەرۋازىدىن چىقىپ ...» دېگەن يەردىن) يىگىرمە ئۈچىنچى ئابزاسقىچە («ئاشۇلارغا ئوخشاش! — دېدى جاڭچۈباۋ ۋەھشىيلىك بىلەن» دېگەن يەرگىچە) بولۇپ، بۇ بۆلەكتە بۇتخانا ئالدىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىق ۋە ليۇخۇلەننىڭ دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ كۈ-رەش قىلىپ، ئىنقىلاب يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانلى-قى بايان قىلىنىدۇ.

ليۇ خۇلەن بۇتخانىغا كېلىش بىلەن دۈشمەننىڭ قو-لىغا چۈشۈپ قالىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ كاندىدات پارتىيە

ئەزاسى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى ئىككەنلىكىنى دۈشـ
مەن بىلىپ بولغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ. ئۇ ئېغىر سىناق
پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ،
پارتىيىگە كىرگەن چېغىدىكى «قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشـ
تىن قورقمايمەن، دۈشمەنگە ھەرگىز باش ئەگمەيمەن!»
دېگەن قەسىمىنى يادىغا ئېلىپ، ئىنقىلابقا بارلىقىنى بېغىشـ
لاشقا تەييار تۇرىدۇ. دۈشمەن ليۇ خۇلەندىن مەلۇمات ئېلـ
لىش ئۈچۈن ئالداش (يەر بېرىش ۋەدىسى) ۋە قورقىتىش
(ئىنقىلابچىلارنى كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈش) ئۇسۇللىرىنى
قوللىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ليۇخۇلەننىڭ
ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇ مەغرۇر ھالدا «ئۆلـ
لۈمدىن قورققان ئادەم كومپارتىيە ئەزاسى بولمايدۇ!»،
«ئۆلتۈرسەڭمۇ تەسلىم بولمايمەن» دەپ، دۈشمەنلەرگە رەدـ
دىيە بېرىدۇ. ئاخىرىدا كۆكرىكىنى كېرىپ جادۇنىڭ يېنىـ
غا ئۆزى كېلىدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى ۋەقەلەردىن بىز ليۇ خۇلەننىڭ دۈشـ
مەننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە ئالدانمىغان، ئۆلۈمدىنمۇ قورقـ
مىغان ھەقىقىي ئىنقىلابچى ۋە كومپارتىيە ئەزاسى ئىككەنلـ
كىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۆتىنچى بۆلەك ئاخىرقى ئىككى ئابزاس بولۇپ، ئۇنىڭـ
دا ليۇ خۇلەن قۇربان بولغاندىن كېيىنكى ئىشلار يېزىلـ
غان. بۇ بۆلەكتىكى ئالدىنقى ئابزاستا (يىگىرمە تۆتىنچى
ئابزاس) ليۇخۇلەنگە باھا بېرىلىپ، يۇنچۇشۇ خەلقى ئۇـ
نىڭ قەھرىمان قىزىنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ شەنـ
گە قوشاقلار توقۇغانلىقى، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، ئالغا
باسقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. كېيىنكى ئابزاستا (يىگىرمە بەـ

شىنچى ئابزاس) ليۇخۇلەن دۇشمەن ئالدىدا تىز پۈكمەي، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس يۈكسەك پەزىلەتنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شەنشى - سۈيپۈەن شۆبە بيۇروسى ئۇنى رەسمىي پارتىيە ئەزاسى دەپ تونۇغانلىقى، ماۋجۇشى «ھاياتىنىڭ ئۇلۇغ، ئۆلۈمىنىڭ شەرەپلىك» دېگەن بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكى بايان قىلىندۇ.

ئاپتور بۇ ئەسەردە ليۇخۇلەنىنىڭ ھايات - ماماتلىق پەيتىدە قانداق ئويلاپ، قانداق ئىشلەپ، قانداق كۈرەش قىلغانلىقىنى نۇقتىلىق ھالدا بايان قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربان ليۇخۇلەنىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ «ھاياتىنىڭ ئۇلۇغ، ئۆلۈمىنىڭ شەرەپلىك» دېگەن باھاغا مۇناسىپلىقىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى ئىنكەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

## 3. ئوچېركنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ئوچېرك تەرتىپلىك بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان. يەنى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە بولغان تۆت كۈنلۈك ئەھۋال ۋاقىت تەرتىپى بويىچە، ئالدىنقى ئۈچ كۈنلۈك ئەھۋال نۇقتىلىق، ئاخىرقى بىر كۈنلۈك ئەھۋال تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاپتور ئالدىنقى بۆلەكلىرىدە ليۇ خۇلەننىڭ دۇشمەنگە تىز پۈكمەيدىغانلىقىنىڭ بىرقاتار ئاساسلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەندىن كېيىن، قەلەم كۈچىنى ئاساسلىقى ئۇنىڭ دۇشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز كۈرەش قىلغان ۋاقىتىدىكى جەسۇرانە

خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە قاراتقان. ئالدىنقى ئىككى بۆلەكتە ليۇخۇلەننىڭ دۈشمەن ئىشغالىيىتىدە قالغان چاغدىكى قورقماسلىق، ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلاشتەك ئالىيجاناب روھقا ئىگە قىز ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۈچىنچى بۆلەكتىكى ۋەقەلىككە قارىتا كىتابخانلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلغان. ئاخىرىدىكى (تۆتىنچى) بۆلەكتە ليۇخۇلەننىڭ ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئامما ۋە پارتىيىنىڭ ليۇخۇلەنگە بەرگەن شان - شەرىپى بايان قىلىنغان.

2) بۇ بايان خاراكتېرلىك ئۇچېركتا ليۇ-خۇلەن ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت تەرتىپى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن تۆت بۆلەكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاپتور ليۇخۇلەن ھاياتىنىڭ ئەڭ توپ خۇسۇسىيىتىنى ئالدى بىلەن ئوبدان ئىگىللىۋېلىپ، بۇ خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىدىكى پارتىيە ئىنتىزامىغا بويسۇنۇش، پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى جان - دىل بىلەن ئورۇنداشتەك مۇھىم خۇسۇسىيىتىنى، يەنى پارتىيىگە سادىقلىقىنى بىرىنچى بۆلەكتە گەۋدىلەندۈرگەن. ئاپتور ليۇ خۇلەننىڭ بۇ پەزىلىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىككى كىچىك ۋەقەنى تاللىۋالغان. بىرى، ئانىسىنىڭ تاغقا چىقىپ كېتىش ھەققىدىكى تەكلىپىگە بەرگەن جاۋابى، يەنە بىرى، ئاياللارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆججەتلەرنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىش ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزى. بۇ ئىككى كىچىك ۋەقەنى ئاپتور نۇقتىلىق بايان قىلىپ، ليۇ خۇلەننىڭ پارتىيىگە سادىق قەلبىنى كۆرسەتكەن.

ئىككىنچى بۆلەكتە ئاپتور ليۇخۇلەننىڭ ئىككىنچى چوڭ پەزىلىتى، يەنى ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلاشتەك كوممۇنىستىك پەزىلىتىنى نۇقتىلىق بايان قىلغان. بۇ بۆلەكتە بىر كىچىك ۋەقە — تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئۆيدىكى ئەھۋالى سۆزلەنگەن. بىز بۇ ئىككى بۆلەكتىكى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر ئارقىلىق ليۇخۇلەننىڭ پارتىيىگە ساداقەتلىكىنى، ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلايدىغان كوممۇنىستىك پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنداق خىسلەتكە ئىگە قىز ئۆلۈمدىن قورقامدۇ؟! ئەلۋەتتە قورقمايدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە ئاپتور بۇتخانىدىكى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى نۇقتىلىق بايان قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئالداش ۋە قورقۇتۇشلىرىغا باش ئەگمىگەن ليۇخۇلەننىڭ مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

تۆتىنچى بۆلەكتە ئاپتور يەنە ئىككى نۇقتىنى، بىرى، ئاممىنىڭ ليۇخۇلەننىڭ دائىم يادئېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىرى، پارتىيىنىڭ ليۇخۇلەنگە شەرەپلىك نام بەرگەنلىكىنى يورۇتۇپ ئۇنىڭ «ھاياتى ئۇلۇغ، ئۆلۈمى شەرەپلىك» بولغانلىقىدىن خۇلاسە چىقارغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىز تۆۋەندىكىلەرنى خۇلاسىلەيمىز.

1) ئاپتور ئالدى بىلەن ئوبدان ئويلىنىپ، يېزىلىدىغان ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلىشى، ئاندىن ئۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان، شەرھلەيدىغان ۋەقەلەرنى ئوبدان تاللىۋېلىشى زۆرۈر.

2) نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىدىغان ۋەقەلەر بىلەن تەپسىلىي تەسۋىرلىنىدىغان ۋەقەلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىدىغان ۋەقەلەرنى ئايرىۋېلىپ، ئىخچام، ئېنىق ۋە ئىشەنەرلىك تەسۋىرلەپ بېرىش؛ تەپسىلىي تەس-

ۋىرلىنىدىغان ۋەقەلەرنى ئورۇن، ۋاقىت قاتارلىق تەرەپلە-
رى بىلەن ئىنچىكە ۋە تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىش لازىم.
3) بۇ ئوچېركنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرى ياخشى
ئورۇنلاشتۇرۇلغان. باشلىنىش ئابزاسى ئۈچ جۈملە بولۇپ،
بىرىنچى جۈملىدە ۋاقىت، ئىككىنچى جۈملىدە ۋەقەنىڭ
باشلىنىشىدىكى سەۋەب، دۈشمەنىنىڭ غالجىرلاشقانلىقى، ئۈ-
چىنچى جۈملىدە ئاساسىي قەھرىمان ليۇ خۇلەنىنىڭ قىيىن
ئەھۋالدا قالغانلىقى بايان قىلىنغان. قۇرۇق گەپنى كۆپ
قىلماي، باشتىلا ئاساسىي تېمىدىن سۆز ئېچىپ باشلاش —
ئەڭ ياخشى ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر، ئاخىرىدا بولسا،
ئىككى ئابزاس ئارقىلىق ليۇ خۇلەنىنىڭ ھاياتى خۇلاسىلى-
نىپ، ئامما ۋە پارتىيىنىڭ ليۇ خۇلەنىنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى-
گە تۇتقان پوزىتسىيىسى بايان قىلىنىپ، ئەسەر تاماملان-
غان.

## «سېغىزغان ھەققىدە چۆچەك» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

پېشقەدەم شائىر ۋە نەشرىياتچى ئابدۇۋەلى خەلپەت 1928 - يىلى سوۋېت ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنجان ئوبلاستى خانئاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان. غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1945 - يىلدىن 1948 - يىلى 9 - ئايغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىلى 9 - ئايغىچە غۇلجىدا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان. 1951 - يىلى 6 - ئايغىچە غۇلجىدا ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «ئالغا» گېزىتى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا ئەدەبىي مۇھەررىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 - يىلىدىن باشلاپ ئىزچىل ھالدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىدى.

ئابدۇۋەلى خەلپەتنىڭ تۇنجى شېئىرى «دوستۇمغا» 1946 - يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شائىر شۇنىڭدىن كېيىن «بەخت يولىدا»، «ئوقۇش كېرەك»، «گۈلىستانلار»، «كۆرەشچان ھايات»، «ھايات تېگىدا» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى ئېلان قىلدى.

«سېغىزغان ھەققىدە چۆچەك» ھايۋانات

ھەققىدىكى شېئىردىي چۆچەك بولۇپ، پېشقەدەم شائىر ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرىپىدىن يېزىلغان.

## 2. چۆچەكنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

چۆچەكتە بىر سېغىزغاننىڭ ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، ئاقىۋەت كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ، يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىق ۋەقەسى تېما قىلىنىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ياخشىلىققا يامانلىق قىلغۇچى قارانىيەت شەخسلەرنىڭ رەزىل قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىپ، بۇنداق سەلبىي ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىپ، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىش ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

## 3 . چۆچەكتىكى ئاساسىي پېرسوناژلار

1. سېغىزغان ئوبرازى

سېغىزغان دەسلەپ سۇمۇرغ پادىشاھدىن نىجات تىلەپ، قۇشلار مەملىكىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ھالى بەك خاراب ئىدى.

«ئەھۋالى يامان، چىرايى سامان،
يۈزى پوكان، ئۆزى زۇكام.
توگۇپ تىترەپ جالاقلاپ،
ئېگەكلىرى جاقىلداپ.»

ئۇ مانا شۇنداق پەي ـ تۈكلىرى يوق بىچارە، مىسكىن ھالەتتە ئىدى. ئۇ سۇمۇرغ پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن تۆۋەنچىلىك بىلەن:

ماڭا رەھىم قىلغايسەن،
ئۆز قوينىڭغا ئالغايسەن.
مەڭگۈ ھۆرمەت ساقلايمەن،
ئۆز ۋەدەمنى ئاقلايمەن.

دەپ يېلىنىپ، خەيرخاھلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پادىشاھنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ھەممە قۇشلار قانات - پەيلىرىدىن ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدە چىرايلىق قانات، قۇيرۇق پەيلەر پەيدا قىلىپ، ئۇنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق كۈنگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى قۇشلار مەملىكىتىدىكى ئاق كۆڭۈل، سەممىي قۇشلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋەياردىمى ئىكەنلىكىنى پاتلائۇنتۇپ قالىدۇ. شۇڭا قاغىنىڭ يەل بېرىشى بىلەن ئۆزىنىڭ «قالتىس چىرايلىق» بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ماختىنىدۇ. باشقا قۇشلارنى كەمسىتىپ يارىتمايلا قالماستىن، سۇمۇرغ پادىشاھنى تىللايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىن پادىشاھلىق تالىشىپ، «ئەلنىڭ بەختى، تاجۇ تەختىنى ماڭا بەر» دەپ ئۆكتەملىك قىلىدۇ.

ئاپتور سېغىزغان ئوبرازىنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان بۇ خىل رەزىل خاراكتېرىنى ئەنە شۇنداق ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى، يورۇتۇپ كىشىلەرنى بۇ خىل يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ رەزىللىكىنى تونۇۋېلىشقا، ئۇلارغا سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدۇ. پادىشاھ سۇمۇرغنىڭ سېغىزخاننىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى قۇشلارغا يەتكۈزۈشى ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى مۇددىئاسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قۇشلار ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ۋاپاغا جاپا قىلغان سېغىزغانغا ياردەم

قىلغان پەيلىرىنى بىرمۇ بىر قايتۇرۇۋالىدۇ ۋە ئۇنى چوقۇلاپ، تېپىپ، ئارىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىدۇ. سېغىزغان ۋاپاغا جاپا قىلغان قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىپ، كوللېكتىپ قوينىدىن ئايرىلىپ، يىگانە ھالدا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. دېمەك سېغىزغان ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان رەزىل نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى.

سۇمۇرغ ئوبرازى

سۇمۇرغ ئۆز خەلقىنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرىدىغان، مىسكىن، بىچارىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىدىغان، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، قارا نىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئادىل شاھلارنىڭ ئوبرازى.

سۇمۇرغ پادىشاھ ئادىللىق بىلەن ئەلنى باشقۇرغاچقا، ھەممە قۇشلار خۇشال، ئىناق ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ سېغىزغاننىڭ ئىچىنىشلىق، غېرىب ھالىتىنى كۆرگەندە ئۇنى كوللېكتىپ ئىچىگە قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، كۆپچىلىكنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭغا قولايلىق، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ رەھىمدىللىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى. بىراق، سېغىزغاننىڭ يامان نىيىتى ئاشكارىلانغاندا، ئۇ بۇ ئەھۋالنى قۇشلار ئاممىسىغا ئوچۇق ئېيتىپ، ئۇنىڭغا بەرگەن ياردەملىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ سېغىزغانغا نىسبەتەن قوللىنىلغان جازا بولۇپ، پادىشاھ سۇمۇرغنىڭ يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئادىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنى يۇرت ئىچىدىن ھەيدىۋېتىدۇ. ئاپتور بۇ ئارقىلىق پادىشاھ سۇمۇرغنىڭ

ياخشىلىقتا ياخشىلىق، يامانلىقتا يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرىدىغان ئادىل پوزىتسىيىسىنى قوللاپ، يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە ھەرگىز رەھىم قىلماسلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

قاغا بولسا جەمئىيەتتە يېتىلە - پاسات تارقىتىپ ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى پارچىلايدىغان ھەسەتخور ئادەملەرنىڭ ئوبرازى.

## 4. چۆچەكنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1. چۆچەك خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدەك ئاددىي، يىغىنچاق، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، مەركىزىي ئىدىيىسى روشەن ئىپادىلەنگەن ۋە چۆچەكنىڭ ئاخىرى كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىنى تەسەللىي تاپتۇرۇپ، ئىجابىي ئوبرازلار غەلىبە قىلىدىغان، سەلبىي ئوبرازلار مەغلۇپ بولىدىغان قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان. ئاپتورنىڭ چۆچەكنى مۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يازالىشى خەلق چۆچەكلىرىنى بىلىشى ۋە تەتقىق قىلىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاپتور خەلق چۆچەكلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئەسىرىگە تولۇق سىڭدۇرگەن.

مەسىلەن: 1) چۆچەكلەردە باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولىدۇ. بۇ چۆچەكنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشىمۇ خەلق چۆچەكلىرىگە ئوخشايدۇ. چۆچەكنىڭ بېشى «بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن» دەپ باشلانغان بولسا، ئاخىرى «كېتىپتۇ

ئۇ باش ئېلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ» دېگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلىشىپ، ۋەقەلىك تولۇق يېشىپ بېرىلگەن.

2) چۆچەكنىڭ ھەربىر مىسراسى خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاش يەتتە بوغۇملۇق بولۇپ، ئۆزئارا تەڭ ھەم توق قاپىيە بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

3) چۆچەكنىڭ تىلى ئاممىباب، جانلىق، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇپ، ئاپتور ستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن، قۇشلارنىڭ سۆزلىشىشى يەنى قىلىقلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستىلىستىك ۋاستە ئارقىلىق كىشىلىك جەمئىيەتتىكى مۇھىم زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلگەن.

ئەسەرنىڭ بېشىدىكى قۇشلار مەملىكىتىنىڭ مەنزىرىسى دادىل تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەنگەن. سېغىزغاننىڭ ھالىتىمۇ ياخشى تەسۋىرلەنگەن. «يۈرىكى پارە - پارە، كۆزى قان - ياش تۇرۇپتۇ، بار ماغدۇرى قۇرۇپتۇ» دېگەن مۇبالىغىلەر سېغىزغاننىڭ دەسلەپكى قىياپىتىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن بولسا، «تەكرار- تەكرار سورارمىش، بويۇن قىسىپ تۇرارمىش» دېگەن سۈپەتلەشلەر سېغىزغاننىڭ بەكمۇ بىچارە ھالىتىنى كونكرېت ئېچىپ بەرگەن.

«چىرايلىرى ساماندەك»، «خۇددى ئوقتەك ئېتىلدىم» دېگەن ئوخشىتىشلار قىياپەت ۋە ھەرىكەتنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئاپتور ماقال - تەمسىل، ئىدىئوملاردىنمۇ مۇۋاپىق پايدىلانغان. مەسىلەن، «زەھەر زۇقۇم ئاش بولدى، يېمىگىنىم تاش بولدى.»، «ۋاپاغا جاپا قىلماق»، «ئاكاڭ قارىغاي»

قاتارلىق ماقال ـ تەمسىل ۋە ئىدىئوملار ئىپتىماقچى بولغان پىكىرنى ھەم ئىخچام، ھەم روشەن ئەكس ئەتتۈ-رۈپ بەرگەن.

4) ئەسەر تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇقەددىمە، ئاساسىي قىسىم ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ مەزمۇننى ئىخچام ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

5) ئاپتور ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا:

«بۇ بىر چۆچەك سال قۇلاق
مېغىزىن چاق، ئال ساۋاق»

دېگەن خۇلاسىنى بېرىش ئارقىلىق ئەلنىڭ ياخشىلىقىغا يامان نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋەت خەلق تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلىنىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، بۇنداق ئەھۋالدىن ساۋاق ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، چۆچەكنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى خاھىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

# «كىچىككىنە چىراغ» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى بىگشىن(ئەسلى ئىسمى شې ۋەنيىڭ)1900 - يىلى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن نەسىر ۋە پروزىغا قەدەم تاشلاپ نەتىجە قازانغان. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزى بىر ئانا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بالىلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۈمىدۋار روھى، جۇشقۇنلىغان ھېس تۇيغۇلىرى ۋە بالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس خاراكتېرى خېلى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «كىچىك كىتابخانلارغا سالام»، «تاغ ھەققىدە خاتىرىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەنە شۇ خىل خاراكتېردىكى ئەسەرلەر بولۇپ، بالا - ئۆسمۈر كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئۇ ئاساسەن گومىنداڭ رايونىدا ئىشلىگەن ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئاق رايونلاردا تۇرغان بولسىمۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىگە چىندىن ھېسداشلىق قىلغان. ئەسەرلىرىدە يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلىرىگە، ئىنقىلابچىلارنىڭ خەتەرلىك شارائىتلاردىن ئەيمەنمەي ئىنقىلابىي ئىشلارنى دادىل ئېلىپ بارغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇغان. كېيىن گومىنداڭ رايونلىرىدا قالايمىقانچىلىق ھەددىدىن ئاشقاندا

ياپونىيىگە چىقىپ كەتكەن. ئۇ ياپونىيىدە تۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ۋە 1951 ـ يىلى ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگەن. شۇندىن باشلاپ ۋەتىنىنىڭ ئىسسىق قويىنىدا ياشاپ، خەلقنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى تۇرمۇشىنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ دۆلىتىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «قايتىپ كەلگەندىن كېيىن»، «بىز باھارنى قارشى ئالىمىز»، «يەنە كىچىك كىتابخانىلارغا سالام»، «نۇرۇز گۈلىگە مەدھىيە»، «كىچىككىنە چىراغ» قاتارلىق توپلاملىرىنى نەشىر قىلدۇردى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ جاسارەتكە كېلىپ «ماۋجۇشى خاتىرە مۇنارىسى ئالدىدا»، «ماش خوردا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى.

«كىچىككىنە چىراغ» ھېكايىسى ئازادلىق ئۇرۇش ھارپىسىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئاق رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق يەرئاستى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ جاپالىق مۇھىت ئىچىدە جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە بىر قىزچاقنىڭ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەن ئاق كۆڭۈل كىشىگە قاراڭغۇ تاغ يوللىرىدىن ئۆتۈۋېلىش

ئۇچۇن ياساپ بەرگەن كىچىككىنە چىرىغىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىنقىلابچىنىڭ ئائىلىسىدە مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش ئەۋلادلارنىڭ تەمكىنلىكىنى، باتۇرلۇقىنى ئۇمىدۋارلىققا تولغان روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پاتراق ئازاد بولۇش ئارزۇسىنى، ئىنقىلابنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

## 3. ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى

قىزچاق ئوبرازى.

قىزچاق 8 – 9 ياشلاردىكى ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ، لەۋلىرى سوغۇقتىن تاتىرىپ كەتكەن، چېچى ناھايىتى قىسقا، ئۇچىسىغا كونا ئىشتان – چاپان، يالاڭ ئاياغلىرىغا چىغ چورۇق كىيگەن بىر نارەسىدە ئىدى. ئاپتور قىزچاقنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ كەمبەغەل ئائىلىدە، جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇنچىلىك كىچىك بىر نارەسىدىگىمۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ئادەملىرىمۇ ئاران بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئېغىر يۈكى ئارتىلىپ قالغان. بۇ ھال قىزچاقنىڭ ئېغىر تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە قەيسەر، ئېغىر – بېسىق بولۇپ ئۆسۈپ – يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان. ئۆيدە ئاتىسى بولمىغاچقا ئۇ ئاغرىق ئانىسىغا قارايدۇ. ئۆينىڭ باشقا ئىشلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە كەڭ نامرات ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق

ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

قىزچاقنىڭ تېلېفون بېرىش جەريانىدىكى كىچىككىنە تەپسىلاتتىن بىز ئۇنىڭ ئېغىر تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇنىڭ بويى ئۈستەلگىمۇ يەتمىگەچكە ئورۇندۇققا چىقىپ تېلېفون ئالماقچى بولىدۇ: ×× دوختۇرخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمىسىمۇ جۈرئەت قىلىپ، تېلېفون ئىدارىسىدىن نومۇرنى سورىماقچى، شۇنىڭ بىلەن تېخى ھېلىراقتىلا نۇرغۇن قان قۇسقان ئانىسىنى دوختۇرغا كۆرستىپ داۋالاتماقچى بولىدۇ. كىچىككىنە نارەسىدىنىڭ بېشىغا قانچىلىك ئېغىر ۋەزىپىلەر ئارتىلغان - ھە؟! دېمەك ئۇ ئاشۇ يېشىدىلا تېلېفوننى قانداق بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغان.

ئۇ «مەن» ئۇنىڭ ئۈچۈن تېلېفون بېرىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، دەرھال قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. «مەن» قىزچاقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ئېچىنىپ، ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇنى ئاغرىق ئانىسىغا تاماق ئېتىپ بېرىۋاتقان ھالەتتە كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قازاندا پىشۇرۇۋاتقىنىمۇ تاتلىقياڭيۇ ئومىچى ئىدى. ئۇ «مەن»ئەكەلگەن جۈيزىنى ئەپچىللىك بىلەن ئاقلاپ، بىر قىسمىنى سىقىپ سۈيىنى ئانىسىغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلايدۇ. بىر قىسمىنى يېگۈزۈش ئۈچۈن تالىلىرىنى ئايرىپ، ياستۇق ئۈستىگە قويىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتور قىزچاقنىڭ «مەن» نى

ئۇزىتىپ قويغان ۋاقىتتا ياساپ بەرگەن «كىچىككىنە چىراغ» نى تەسۋىرلەش بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلىمىنىڭ خېلى مول ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ كىچىككىنە قەلبىدە دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئۈمىد ـ ئىشەنچىنى «دادام پات ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ. ئاڭغۇچە ئاپامۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ»، «بىز ھەممەيلەن ياخشى بولۇپ كېتىمىز» دېگەن سۆزلىرى بىلەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. دېمەك يازغۇچى قىزچاقنىڭ ئاشۇ خىل تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىق بالا بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى، ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھايات ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان قەيسەر خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

### «مەن» ئوبرازى

بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرىدىغان، ھەققانىيەت يولىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قوللايدىغان، كەمبەغەل ئامما ۋە ئىنقىلابچىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازى.

ئۇ دوستىنى يوقلاپ كېلىپ قىزچاق بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. قىزچاقنىڭ كۆرۈمسىز، نامرات قىياپىتى ئۇنىڭدا چوڭقۇر خەيرخاھلىق قوزغايدۇ. شۇڭا ئۇ قىزچاقنىڭ تېلېفون بېرىشىگە سەممىي ياردەم بېرىپ، دوختۇر چاقىرىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، قىزچاقنى ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنى يوقلاپ بارىدۇ. ئاغرىق كىشىنىڭ ئاغزىغا تېتىيدىغان يېمەكلىك سېتىۋېلىپ ئاپىرىدۇ. مانا بۇ ھەرىكەتلەردىن بىز ئۇنىڭ نامراتلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ

تۇرمۇشنى تايانچىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا نارازىلىقى كۈچلۈك، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«مەن» قىزچاقىنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، دوختۇرنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى، يەيدىغان ئوزۇقلۇقىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورۇشتۇرىدۇ. قىزچاقىنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە قەيسەرلىك بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ، ئاغرىق ئانىسىغا باش پاناھ بولۇۋاتقانلىقىغا قايىللىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ قىزچاقىنىڭ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ يوللاردىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن چىراغ ياساپ بەرگەنلىكىدىن، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، «بىز ھەممىمىز ياخشى بولۇپ كېتىمىز» دېگەن سۆزلىرىدىن، ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، «مەن ئەپچىلگىنە، كىچىككىنە چىراغنى كۆتۈرۈپ، قاراڭغۇ، نەم تاغ يولىدا ئاستا كېتىۋاتاتتىم. خىرە قىزغۇچ نۇر ھېچقانچە يەرنى يورۇتالمايتتى؛ لېكىن بۇ قىزچاقىنىڭ تەمكىن، باتۇر ۋە ئۈمىدۋار روھى ماڭا ئىلھام بەردى. كۆز ئالدىمدا چەكسىز يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولدۇم» دەپ چوڭقۇر ئەسلەيدۇ.

ئاپتور گەرچە «مەن» نىڭ بىرەر ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كونكرېت تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، ئامما ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن، ھېسسىياتىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى چوڭچىڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىن ئىنتايىن نارازىلىقىنى، پاتراق ئازاد، ئەركىن يېڭى تۇرمۇش يارىتىشقا بولغان ئارزۇ - ئارمىنىنى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يوقلاپ بارغان قىزچاقىنىڭ ئانىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلابىي

پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ يۈرگەن ئىنقىلابچى
ۋاڭ چوڭلىن ئىدى.

### 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

«كىچىككىنە چىراغ» بالىلار ھېكايىسى بولۇپ، مەز-
مۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بالىلارغا، بالىلارنىڭ ئىدىيەۋى
ھېسسىياتى ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ماسلىقى بىلەن
ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ بالىلار ھېكايىسى
يېزىشىمىزدا ھەر جەھەتتىن ياخشى بىر ئۆلگە بولالايدۇ.
بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

1) ھېكايىنىڭ سۇژىتى ئاددىي ھەم ئىخچام، سۇژىت
بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپىمۇ ئىنتايىن تەبى-
ئىي. شۇنىڭدەك ۋەقەلىك «تەرتىپلىك بايان» ئۇسۇلى
بىلەن بايان قىلىنغان. مەسىلەن، بىرىنچى، ئىككىنچى
ئابزاست ھېكايىنىڭ ئېكسپوزىتسىيەسىدۇر. يازغۇچى بۇ
ئابزاستلار ئارقىلىق ۋەقە پەيدا بولغان ۋاقىت ھەم ئورۇن
بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ، بىر پۈتۈن ۋەقەلىك
ئىچىگە تەبىئىي باشلاپ كىرگەن. ئۈچىنچى ئابزاست ھېكايە
سۇژىتىنىڭ تۈگۈنىدۇر. بۇ ئابزاستا يازغۇچى بىزگە تەققى-
تۇرقى، تاشقى قىياپىتى، يېشى جەھەتتىكى ئىندىۋىدۇئال
خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىپ تۇر-
غان ئاساسىي قەھرىماننى مەيدانغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ سەر-
گۈزەشتىلىرىنىڭ زادى قانداق بولغانلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا
بىرمۇ-بىر تونۇشتۇرغان. بۇ ئابزاستىنىڭ داۋامى سۇ-
ژىتىنىڭ راۋاجىغا تەئەللۇق بولۇپ، بىر قىزچاقنىڭ «مەن»

بىلەن قىلغان سۆھبەتى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەم ئائىلىسىنىڭ
ئەھۋالى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىمىز. بۇ تۆتىنچى
ئابزاستىنىڭ داۋامىدىن بەشىنچى ئابزاست ئاخىرلاشقىچە
بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتىنچى ئابزاست
ھېكايە سۇژېتىنىڭ كولمىناتسىيىسىدۇر. بۇ ئابزاستنى
ئوقۇغاندىن كېيىن بىزنىڭ قىزچاققا بولغان تونۇشلۇقىمىز
بىر پۈتۈن ھالغا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چىراغ ياساش
ھەرىكىتى بىزنى ئىنتايىن ھاياجانغا سالىدۇ. بىز قىزچاق-
نىڭ تۇرمۇش بىلىمى جەھەتتە ئۆز يېشىغا مۇناسىپ بول-
مىغان سەۋىيىسىنى كۆرۈپ تاڭ قالىمىز. ئۇنىڭغا بولغان
ھېسداشلىقىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلار-
دىن قورقماي ھايات ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش
قىلىۋاتقان روھىدىن، ئۈمىدۋارلىقىدىن، تەمكىنلىكىدىن،
باتۇرلۇقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىمىز.
ھېكايىنىڭ ئاخىرى سۇژېتىنىڭ يېشىمىدۇر. قىزچاق-
نىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىسى ھەققىدىكى «مەن» نىڭ ئىچ-
كى ھېس تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ھېكايىنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.
2) قىزچاقنىڭ تەمكىن، قەيسەر، ئۈمىدۋار خاراكتېرى
ناھايىتى تەبىئىي يارىتىلغان. بۇ ئۇنىڭ كۆپرەك ھەرىكىتى
ۋە سۆزلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. سۆز بىلەن ھە-
رىكەن چەمبەرچاس بىرىكتۈرۈلگەن بولۇپ، نامرات، كۆ-
رۈمسىز، ئەمما قەيسەر ئىرادىگە ئىگە قىزچاق بىزنىڭ
كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ باتۇر، تەمكىن، ئۈمىدۋار قىزچاق
بولۇپ گەۋدىلىنىپ، بىزنى ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇنىڭ سۆز-ھەرى-
كىتى، بالىلارغا خاس ئالاھىدىلىكى بىزنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.
3) ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى «كىچىككىنە چىراغ» ئەسەر-

نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە ماس كەلتۈرۈپ تاللانغان ھەم قىزچاقنىڭ قەيسەر خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىمۇ پايدىلىق رول ئوينىغان. «كىچىككىنە چىراغ» شۇ ۋاقىتتا چوڭچىڭدەك ئورۇنلاردىكى ئىنقىلابنىڭ نۇرى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇلىرىنىڭ يالتىراپ نۇر چېچىشى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابنىڭ غەلبىسىگە بولغان ئىنتىزارلىقىنى ۋە ئۈمىد، ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

# «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» توغرىسىدا تەھلىل

«ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» پېشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ تەرىپىدىن 1955 - يىلى يېزىلغان ساتىرىك شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزى ناچار خاھىش، پەس خۇلق - مىجەز، چاكىنا قىلىقلار ۋە سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ئاچچىق مەسخىرە قىلىنىپ، كىتابخانلارغا سەلبىي ھادىسىلەردىن ساۋاق بېرىلگەن.

## 1. ساتىرا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ساتىرا شېئىرىي يول بىلەنمۇ، نەسرىي يول بىلەنمۇ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن تىپىكلەشتۈرۈلگەن سەلبىي ئوبراز ياكى ۋەقەلىك ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ ۋە ياكى يامان ئىللەتلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتە - بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. ساتىرانىڭ تىلى ئۆتكۈر، ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك، تىل پىششىقلاشتىن ئۆتكەن، يىغىنچاق، چوڭقۇر مەنىلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇلۇغ روس تەنقىدچىسى بېلىنسكىي: «ساتىرا ... ئاچچىقلانغان ھېسنىڭ ئېنېرگىيىسى، ئالىيجاناب غەزەپنىڭ گۈلدۈرماما ۋە چاقمىقى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئاساسىدا شادلىق ۋە سادda ئۇيغۇنلۇق ئەمەس، بەلكى ئەڭ چوڭقۇر يۇمۇر يېتىشى لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئاپتورنىڭ

ياردىماس ئىللەت، رەزىل قىلمىشلارغا غەزەپلىنىشتىن مەقسىتى ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن گۆزەل غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، كىشىلەرنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان بولۇشقا تەربىيىلەش مەقسىتىدە يېزىلىدىغان كۈچلۈك پاش قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ساتىرىك ئەسەرلەر بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك.

«ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» ساتىرىسى ئەنە شۇنداق توغرا مەقسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

شائىر بۇ ساتىرىسىدا «ۋالاقتەككۈرۈپ» تىن ئىبارەت سەلبىي ئوبرازنىڭ ئابرويپەرەس، ئەتىدىن كەچكىچە قۇرۇق سۆز سېتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان، مەجلىسۋازلىققا ئامراق ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىشنى تېما قىلغان. شائىر بۇ تېما ئارقىلىق كىشىلەرنى قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، مەسىلە ھەل قىلالمايدىغان قۇرۇق مەجلىسلەرنى ئاز ئېچىپ ياكى ئاچماي، ۋاقىتنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يېتىپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىرغان.

## 3. ۋالاقتەككۈرۈپ ئوبرازى

ۋالاقتەككۈرۈپ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، ئابرۇيپەرەس، ئەمەلىي خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم

بولغان چاكىنا ئادەم. ئۇ شۇنداق بولۇشقا قارىماستىن،
ئۆزىنىڭ بۇ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى باشقىلارغا تەر-
بىيە بېرىمەن دەيدىغان نىقابى ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئەتى-
دىن كەچكىچە قۇرۇق گەپ ساتىدۇ. ئۇ بىرىنى ئەيىبلەپ،
بۇ بىرىنى تەنقىدلەپ، ئۆزىنى قالتىس جان كۆيدۈرۈپ
ئىشلەۋاتقان كىشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنى ئەمەلىي ئىش
قايىنىغان ئىش مەيدانلىرىدىن، ستانوكلار سايراپ تۇرغان زا-
ۋۇت - فابرىكىلاردىن، ئىنچىكە ئىلمىي خىزمەتلەر ھۆكۈم سۈر-
گەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنى قەيەردە
مەجلىس ئېچىلغان بولسا شۇ يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. ئۆزىنى سا-
لاپەتلىك، بىلىملىك، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئادەم قىلىپ
كۆرسىتىپ، يۇقىرى ئورۇننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، تېخى-
مۇ چوڭراق ئەمەلگە ئىگە بولۇش نىيىتىدىلا پالاقلاپ يۈرىدۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىل شەخسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ھەق-
قىدە شۇنچىلىك بىلەرمەنلىك بىلەن سۆزلەپ كېتىدۇكى،
ئۇنىڭ مۇنداق ئۇزۇن زېرىكمەي سۆزلىشىگە
قاراپ، ھەرقانداق كىشى ئۇنى ھەقىقەتەن خەلقنىڭ ئىشىغا
كۆيۈنۈۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى چوقۇم. شائىر ۋالاق-
تەككۈرۈپنىڭ بۇ بىر قاتار خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇبالىغە
ئارقىلىق تېخىمۇ تىپىكلەشتۈرۈپ، قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ.
ئۇنىڭ كۈندۈزى سۆزلەپ تۈگىتەلمىگىنىنى كېچىسى سۆز-
لىگەنلىكىنى، ئېلېكتر يورۇقىدا سۆزلەپ تۈگىتەلمىگىنىنى
قاراڭغۇدا سۆزلىگەنلىكىنى، ھەتتا بىر ئامبارغا ئوت كەت-
كەن ۋاقىتتا كىشىلەر ئوتنى ئۆچۈرۈپ دۆلەتنىڭ مۈلكىنى
زىياندىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، نومۇس

قىلماستىن «ئۆت ئۆچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى» سۆزلىمەك-
چى بولغانلىقىنى، ئاقىۋەت سىرتتا سۆزلەپ تۈگىتەلمىگەن-
نىنى كېچىچە خوتۇن - باللىرىغا سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى
تەسۋىرلەش (ئارقىلىق) دۆلەتنىڭ مەلۇم رەھبىرىي خىزمەت
ئورنىنى ئىگىلىۋېلىپ، خەلق ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزمەي-
دىغان، ئەكسىچە زىيان سېلىۋاتقان شەخسىيەتچىلەرنىڭ
رەزىل خاراكتېرىنى يېتەرلىك ئېچىپ بېرىدۇ.

«ۋاقىتەككۈرۈپىنىڭ ئۆلۈمى» دىن ئىبارەت بۇ ساتى-
رىك شېئىر بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز قۇرۇق
شوئارۋازلارغا، خەلقنىڭ ۋاقتىغا خىيانەت قىلىدىغان شەخ-
سىيەتچى سۆلەتۋازلارغا موھتاج بولماستىن، ھەقىقىي تۈردە
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، ئەمەلىي ئىش بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىشلەيدىغان سوتسىيا-
لىستىك ئىسلاھات روھىغا باي يېڭى كىشىلەرگە موھتاج
ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ.

## 4. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

(1) ئەسەرنىڭ سۇژىتى قىزىقارلىق قۇراشتۇرۇلغان
بولۇپ، ساتىرىك ئوبرازنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى
يېتەرلىك ئېچىپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن. ئاپتور كى-
تابخاننى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ۋاقىتەككۈرۈپىنىڭ مىجەز -
خۇلقى، ئىدىيىۋى ئەھۋالى، مېڭىپ تۇرىدىغان يەرلىرى
بىلەن تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، «نەدە مەجلىس بار» دېگەن
يىپ ئۇچىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ سۆزمەن-

لىكىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ساتىرىك مەنزىرىسى، كۈندۈ-
زى سۆزلەپ تۈگىتەلمەي كېچىگە قالغانلىقى، قاراڭغۇدا
يالغۇز زالدا ئۆزىلا قېلىپ كىشىلەردىن رەنجىگەنلىكىنى،
ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىغا ئارام
بەرمىگەنلىكى، ئاخىرىدا «ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى» -
نى سۆزلىمەكچى بولغانلىقىدەك ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىنى
بىر - بىرلەپ مەيدانغا چىقىرىپ، كىتابخاننى «ئاچچىقلان-
غان ھېسسىنىڭ ئېنېرگىيىسى ۋە ئالىيجاناب غەزەپنىڭ گۈل-
دۈرمامىسى» بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلاردا كۈچلۈك
روھىي زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ.

مەسىلەن، تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ باقايلى:

بىر كۈنى ئاغىنەم رادىئو ئۈزىلىدا،
ئون مىنۇت سۆزلەشكە تېپىپتۇ پۇرسەت.
بىراق، ۋاقىت يەتمەپتۇ كىرىش سۆزگىمۇ،
سوراپتۇ ئۇ يەنە ئون مىنۇت رۇخسەت.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
ئولاشقان ئادەمنى كۆرۈپ ئاغىنەم،
ئويلاپتۇ: «سۆزلەشكە ئوبدان پەيت ئىكەن».
«يولداشلار، — دەپتۇ ئۇ، —
قۇلاق سېلىڭلار،
دۆلەتنىڭ مۈلكىنى ئاسراش بەك مۇھىم.
...........................................
كايىپتۇ ئاغىنەم شۇندا ھەممىگە،
«... سىلەردە تەشكىلىي تەرتىپ پەقەت يوق.
بىر ئىشتىن ئاۋۋال شۇ ئىشنىڭ

چۆكۈش كېرەك تېگى - تەكتىگە.
شۇ ئوتنى چۈشەنمەي ئۆچۈرگەن بىلەن
بولمايدۇ ئىش تولۇق ئۇتۇققا ئىگە.
ھەي كاتىپ!
ما خەقنى يىققىنا چاپسان،
سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن تىزىلىپ رەتكە !...
مۇشۇنداق پەيتتە نەزەرىمنى،
باغلاش بەك قولايلىق ئەمەلىيەتكە... »

مانا بۇ بايانلاردا ئىپادىلىنىۋاتقان بىمەنە، ئەخمىقانە قىلىقلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ۋالاقتەككۈروپكە نىسبەتەن غەزەپ - نەپرىتى قوزغالماي قالمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ تاشلاپ، مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ھەيدىۋەتكۈسى كېلىدۇ.

2) ئەسەرنىڭ تىلى ئىنتايىن جانلىق، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنىپ، ئۆتكۈر كىنايە، دادىل مۇبالىغە، ئوخشىتىش، مېتافورا، ماقال - تەمسىل قاتارلىق ستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ۋالاقتەككۈروپنىڭ يىرگىنچلىك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىنتايىن ھەجۋىيلەشتۈرۈپ ئېچىپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

بىر چاغدا ھەر ياندىن باشلانسا گۈدۈك،
«يىغىپ ئېيتقاندا» دەپ بېرەر تەسەللا.
ئەمما سۆز توختىماس، ئۆرلەيدۇ شاۋقۇن،
ئۇ ئەمدى «ئاخىرى» دەيدۇ ئارانلا.
«ئاخىرىدا... » تۇرماق، «ئەڭ ئاخىرىدا... »

دېگىنى بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ گەپ.

مانا بۇ مۇبالىغە سۆزلەشكە ئامراق، قۇرۇق گەپ سېتىشنى «خىزمەت» دەپ چۈشىنىدىغان تەكەببۇر تۆرىچىلىكنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى يېتەرلىك ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇندىن باشقا

كىم بىلىدۇ ئۇمۇ غەم يەيدىغاندۇ،
بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن دەپ.
... ... ... ... ... ... ... ... ...

... ... ... ... ... ... ... ... ...
كېلىدۇ خىزمەتكە ئانچە كېچىكمەي،
بولۇپمۇ مەجلىسكە دائىم بىرىنچى.
مۇبادا مەجلىستىن خەۋەر بەرسىڭىز،
بېرىدۇ ئۇ سىزگە تەھقىق سۆيۈنچى.

دېگەنگە ئوخشاش بايانلار ئىچىگە چوڭقۇر كىنايە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ۋالاقتەككۇروپىنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئىش ھەرىكىتى، چۈشەنچىلىرى ناھايىتى جايىدا ئېچىپ بېرىلگەن. شۇنىڭدەك «‹ئاساسىي جەھەتتىن توغرا› تېپىپتۇ» دېگەن بۇ كىنايە شۇ ۋاقىتتا ئەۋج ئالغان خىزمەتتىكى كەمچىلىك خاتالىقلارنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، كۆپتۈرمىچىلىك ئىستىلىنىڭ يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە يامراپ كەتكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

3) «ۋالاقتەككۇروپىنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ماۋزۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا باپ تاللىۋېلىنغان بولۇپ، مۇشۇ ماۋزۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا قارىتا كىتابخاندا سەزگۈر ئىدىيىۋى تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ.

## «مېنىڭ تاغام ژيول» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئاپتور ۋە ھېكايىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بۇ ھېكايە فرانسۇز يازغۇچىسى گ. د. موپاسسان تەرىپىدىن يېزىلغان. موپاسسان تالانتلىق رېئالىست يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى فرانسۇز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

يازغۇچى موپاسسان 1850 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. موپاسساننىڭ ئانىسى ۋە تاغىسى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھەۋەسكار كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەسىرى، تەربىيىسى بىلەن موپاسسان كىچىك ۋاقتىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىدۇ، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىرىيەنىڭ يېتەكلىشى بىلەن. ئەتراپتىكى دېھقانلار ۋە بېلىقچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ، ئۇن ئىككى يېشىدىن باشلاپلا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. 1870 - ، 1871 - يىللىرى يۈز بەرگەن پروسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئۆگىنىشى يېرىم يولدا توختاپ قېلىپ، ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ، ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن دېڭىز ئارمىيە شتابىدا ۋە كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدۇ. ئاتاقلىق يازغۇچى فىلوبېر بىلەن

تونۇشۇپ ئۇنىڭ قاتتىق تەلەپچانلىقى ئارقىسىدا جاپالىق مەشغۇلات ئېلىپ باردۇ. 1879 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندۇ، ئارقىدىنلا پروسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشىنى تېما قىلغان «مايلىق توپ» پوۋېستى ئېلان قىلىنىپ، فرانسىيە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىدۇ، شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم تاشلايدۇ.

موپاسسان ئۆز ئىجادىيىتىدە فرانسىيە ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئەڭ ئوبدان ئەنئەنىلىرىنى داۋام ئەتكۈزىدۇ. ئۇلۇغ فرانسۇز يازغۇچىلىرى بالزاك، ستېندېل، فلوبېرلاردىن كېيىن ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ خۇنۇك ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ ساختا ماھىيىتىنى، نەقىرى قاتلام بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چىرىكلىكىنى، جىنايەتكارلىقىنى رەھىمسىز قامچىلايدۇ.

موپاسساننىڭ ئىجادىيىتى ياۋروپا بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتقان دەۋرىدە راۋاجلاندى، ئۇ بۇ دەۋردە كۈچلۈك تەنقىدىي رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق سەنئەتتىكى بارلىق يالغان، ياسالما يۈزلىنىشلەرگە قارشى قەلەم كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەقىقىي رېئالىستىك ئەدەبىيات ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا ئىجادىي ھاياتىدا ئالتە رومان، ئۈچيۈزدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىنى يازدى، كۆپلىگەن پوبلىستىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

موپاسساننىڭ يازغۇچىلىق شۆھرىتى ئاساسەن قىسقا، ئۆتكۈر رېئالىستىك ھېكايە يېزىشتىكى ماھارىتى بىلەن

مەھكەم باغلانغان. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئىخچام، چۈشىنىش-
لىك خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان ھەم كۈچلۈك خاھىشچان-
لىققا ئىگە. يازغۇچى ئەنەشۇنداق ئىجتىمائىي ۋە چىدام بىلەن
يېزىقچىلىققا كىرىشىپ، تېخى ياش تۇرۇپلا نېرۋا كېسەللىكىگە
گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، 1893 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇن-
يادىن ئۆتتى؛ ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى.

موپاسساننىڭ «مېنىڭ تاغام ژيول» دېگەن بۇ ھې-
كايىسى 1883 - يىلى يېزىلغان.

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيىدە كاپىتالىزم
تەرەققىي قىلىپ، كاپىتال ئاز سانلىق مونوپول كاپىتالىست-
لارنىڭ قولىغا توپلىنىدۇ. مالىيە زومىگەرلىرى بىر تەرەپ-
تىن چەت ئەللەرگە كۆپلەپ كاپىتال سېلىپ، مۇستەملىكى-
لەرگە بولغان تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەيتىدۇ، يەنە بىر
تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدە تۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسىنى
ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، كەڭ
شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە يېزا ئىگىلىك دېھقانلىرى-
نى نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىللە بىلەن چوڭ بۇرژۇ-
ئازىيە ئارىسىدا ئۆزئارا رىقابەت كۈچىيىپ، پۇل - دۇن-
ياغا، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، ئابروي، مەرتىۋە قوغ-
لىشىش يامراپ، پۇل ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىدىغان سېھىرلىك بىر كۈچكە ئايلانماقتا ئىدى، «مېنىڭ
تاغام ژيول» مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتنى ئارقا
كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، (ئەسەردە ۋەيران بولغان بىر
بۇرژۇئا ئائىلىس [redacted] كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ، ئائى-
لىدىكى قې [redacted] شلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پۇل - مەنپەئەت
مۇناسىۋ [redacted] ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقى-

لىق كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، ئائىلە، مۇھەببەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا پۇل - مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىدەك جىنايىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

## 2. ھېكايىدىكى ئوبرازلار

1) ئەر - ئايال فىلىپلار ئوبرازى:

ھېكايىدە ئەر - ئايال فىلىپلارنىڭ ئۆز ئىنىسى ژيولغا بولغان ھەر خىل شارائىتتىكى ئۈچ خىل پوزىتسىيىسى مەركەزلىك تەسۋىرلىنىدۇ.

فىلىپلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مەلۇم مىقدارىدىكى مۈلكى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىنىسى ژيول ئاتا - ئانىسىدىن قالغان ئۆزىگە تەۋە مۈلۈكنى بەتخەجلىك بىلەن تۈگىتىپلا قالماستىن، ئاكىسى فىلىپقا تەۋە مۈلۈكنىمۇ بىھۇدە بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن فىلىپلار ئائىلىسى ئازغىنە مائاشقا تايىنىپ ياشاشقا، ئادەتتىكى بۇرژۇئا ئائىلىلىرىدىنمۇ تۆۋەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ژيول پۇل، بايلىق جەھەتتىن زىيان سالغانلىقى ئۈچۈن ئەر - ئايال فىلىپلار ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ، شۇڭلاشقا «مەن» تاغىسى توغرۇلۇق ئەسلىگەندە «ئۇ بۇرۇن ئائىلىمىز ئۈچۈن ۋەھىمە ئىدى» دەپ بايان قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى «يامان ئەبلەخ، لۈكچەك، مۇتتەھەم» دەپ قارايدۇ.

بىراق ژىيولىنىڭ ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن سودا - سېتىق ئىشى يۈرۈشۈپ، ئاكىسىغا ئۆزى سالغان زېمىننى تۆلەپ بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەت يازغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ئۆتكەنكى ئۆچمەنلىكى بىردىنلا ئونتۇلۇپ، ئۇ پۈتۈن ئائىلىنىڭ «ئۈمىدى» گە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئائىلە بۇرژۇئاچە شۆھرەتپەرەسلىك خام خىيالغا بېرىلىپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى ژىيولغا باغلاپ، ھەر يەكشەنبە كۈنى پىرىستانغا چىقىپ يولغا قارايدۇ. بىرەر پاراخوت كۆرۈنۈشى بىلەنلا فىلىپ: «ھەي! ئەگەر ژىيول مۇشۇ پاراخوتتا بولۇپ قالسا، نېمىدېگەن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولاتتى - ھە!» دېگەن دائىم ئۆزگەرمەيدىغان سۆزنى تەكرارلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كۈتۈلمىگەن بۇ ئامەتتىن پايدىلىنىپ بىردىنلا بېيىپ، باشقىلارغا ئوخشاش راھەت - پاراغەتتە ئابرويلۇق تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ خام خىيال دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرىدۇ ... يازغۇچى تۇرمۇشتىكى ئاددىي پاكىتلار ئارقىلىق ئەر - ئايال فىلىپلارنىڭ ئىنىسىغا بولغان ئىككى خىل شارائىت ئاستىدىكى بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىشتەك پوزىتسىيىسىنى ئەنە شۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

فىلىپلار ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ شۇنداق ناچارلىقىغا قارىماستىن، ئۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كىبىر كۆرسىتىشتە ئەر - ئايال بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسى - يادى يۇقىرىغا يامىشىش بولغاچقا «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ»، ئۇكىسىدىن كېلىدىغان پۇلغا يازلىق دەم ئېلىش باغچىسى سالماقچى بولۇشىدۇ.

ئاپتور فىلىپلارنىڭ روھىي ھالىتىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن بۇرژۇئاچە يۇقىرىغا يامىشىش خام خىياللىرىنى مۇشۇنداق تەسۋىرلەش ئارقىلىق كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كىشىلەرنى نەقەدەر قاتتىق زەھەرلىگەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئاپتور ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ژىيولنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان ئەر - ئاياللارنىڭ ژىيولنى سېغىنىپ ئەسلىگەندە: «ئاق كۆڭۈل ژىيول قايتىپ كەلسىلا، ئەھۋالىمىز باشقىچە بولۇپ كېتەتتى» دېيىشىپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتنى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى، بىراق ساياھەتكە بېرىش ئۈچۈن پاراخوتقا چىققاندا ئۇشتۇمتۇتلا ژىيولنى يولۇقتۇرۇپ قېلىپ، نەچچە يىللاردىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن شېرىن «ئۈمىدى» نىڭ بىردىنلا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك يوقالغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئەر - ئايال ئىككىسى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

«— مەن بۇ ئوغرىنىڭ ئادەم بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.قاچان بولمىسۇن قايتىپ كېلىپ، بىزگە ئۆلۈكنى ئارتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم». مانا بۇ ئەر - ئايال فىلىپلارنىڭ مەنپەئەت تەگمەيدىغان ئىنىسىغا بولغان «قېرىنداشلىق» مۇئامىلىسى، ھەتتا ئۇلار بالىسى جوزىفنىڭ ئۇنىڭغا چاي پۇلى بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، سەكرەپ كېتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ باشقا پاراخوتقا چۈشۈپ قايتىپ كېلىدۇ.

ئاپتور ھېكايىدە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ زەھەرى كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ئادەتتىكى ئۇششاق - چۈش-

شەك مەسىلىلىرىدىكىچە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى، فىلىمپلارنىڭ خاراكتېرىدا ئابروي، راھەت قوغلىشىش، پۇل - مەنپەئەتكە ئېگە بولۇش ئەڭ ئالىي ئىستەك بولۇپ، ھەر قانداق مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاشۇ ئۆلچەم بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. فىلىملارنىڭ ژيولغا بولغان مۇئامىلىسى بەزىدە كىتابخانىنىڭ ھېسسىداشلىقىنى قوزغايدۇ، بەزىدە كۈلدۈرۈپ، بەزىدە يىرگەندۈرىدۇ، قارىماققا ئۇلارمۇ ژيولغا ناھەقتىن - ناھەق مۇئامىلە قىلمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى فىلىمپلار باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ئۆكتەم، بۇلاڭچىلاردىن ئەمەس، ئەمىسە مەسىلە قەيەردە؟ ئاپتورنىڭ فىلىمپلارنىڭ ژيولغا بولغان بۇ خىل تۇراقسىز مۇئامىلىسى ئىچىگە يوشۇرغان خاھىشى يارىماس كاپىتالىستىك تۈزۈم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ساپ، ئالىيجاناب، گۈزەل قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى پۇل ۋە مەنپەئەتكە ئۆزىنى سەۋدايىلارچە ئاتىدىغان قىلىپ زەھەرلىدى، دېيىشتىن ئىبارەت.

دەرۋەقە، ژيولنىڭ مال - دۇنيانى بۇزۇپ، چېچىپ تۆگىتىشىنىڭمۇ، سودىگەرچىلىك قىلىپ تاپقان دۇنيالىرىدىنمۇ ئايرىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا تاشلىنىشىنىڭمۇ تۈپ يىلتىزى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىدىن ئىبارەت ئۇ بۇرژۇئاچە راھەت - پاراغەت، پۇل - دۇنياغا بولغان ئاچ كۆزلۈكنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز تۇرمۇش شارائىتىنىڭ تەبىئىي قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ياش يىگىت جوزېفنىڭ تاغى-

سىغا بولغان ھېسسىداشلىقى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئاپتورنىڭ مۇشۇ كۆز قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۇپەيلىدىن مەسىلىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى سىنىپىي نۇقتىدىن تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئومۇمەن ھېكايىدە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىنى ئېچىپ بېرەلىگەن. شۇڭا بۇ ھېكايە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

### 3. بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايە بىرىنچى شەخسنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن بايانچىنىڭ ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىردىشى ۋە تەرەققىياتىغا بولغان باھا، پوزىتسىيىلىرىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت يارالغان، ئۇنىڭدا مۇرەككەپ بولغان چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر، چىگىش ئىچكى كەچۈرمىشلەر، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىمەي، تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىلا تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ خاھىشىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، كىتابخاننى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشقا يېتەكلىگەن.

2) ھېكايىدە ژيولنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈش باشتىن - ئاياغ مەركەزلىك ئورۇنغا قويۇلغان. فىلىپلار ئائىلىسىنىڭ ژيول بېرىدىغان پۇلغا تايىنىپ باياشات، راھەت - پاراغەتتە ياشاش ئىستەكلىرى ئېچىپ بېرىلگەن، ئاخىرىدا، فىلىپلار ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغانلىقىنى يېزىش

ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا پارتلاش خاراكتېرلىك زىددىيەت توقۇنۇشى پەيدا قىلغان، شۇنداق قىلىپ، فىلىپلار بىلەن ژيول ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ساختىلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ كىشىلەرنى بۇزۇپ قانچىلىك رەزىللەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

3) ھېكايىدىكى سۈرۈن، كۆرۈنۈش، تەپسىلات تەسۋىرلىرى ناھايىتى پىششىق تىپىكلەشتۈرۈلگەن، پېرسوناژلارنىڭ تۇراقسىز مەۋقەلىرىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن. تىل جەھەتتە ئاددىي، يېنىك، ئىخچام تىل قوللىنىلىپ، ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بىلەن ئورتاقلىقىنى روشەن ئېچىپ بەرگەن.

«تۇساتتىن دادام ئىككى ئەپەندىنىڭ چىرايلىق ياسانغان ئىككى خانىمىنى مۇلى قۇلۇلىسى يېيىشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى .... شۇبھىسىزكى دادام بۇ خىل ئالىيجانابلىق بىلەن نەرسە يېيىشتىن تەسىرلەنگەن بولۇشى كېرەك، ئۇ ئاپام بىلەن ئىككى ھەدەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مۇلى قۇلۇلىسى يېيىشكە تەكلىپ قىلىشىمنى خالامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئاپام بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ پۇل خەجلىنىپ كېتىشتىن قورقاتتى. لېكىن ئىككى ھەدەم قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپام خالىمىغان ھالدا:

— مەن ئاشقازىنىمغا زىيان قىلىشىدىن قورقىمەن، بالىلارغا بىرنەچچىنى ئېلىپ بەرسەڭ بولدى، بەك كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن، كۆپ يەۋەتسە ئاغرىپ قالىدۇ، —

دېدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ يەنە، — جوزېف بۇنداق نەرسىنى يېمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ بالىنى ئەركە قىلىۋەتمەسلىك كېرەك، — دېدى.»

يۇقىرىدىكى كېمە ئۈستىدىكى ئاددىي ھەرىكەت تەپسىلاتى ۋە ئەر - ئايال فىلىپلارنىڭ بىرنەچچە جۈملە سۆزى ئۇلارنىڭ ھەر قانداق سورۇنلاردا ئابروي تالىشىدىغان، ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيدىغان بۇرژۇئاچە شۆھرەتپەرەسلىك خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

4) ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى سيۇژېت بۆلەكلىرىنىڭ ئادەتتىكى تەرتىپى بويىچە رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، دەسلەپ ۋەقە پەيدا بولغان ئىجتىمائىي شارائىت، جوزېفلار ئائىلىسىنىڭ تۆۋەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، يەكشەنبە كۈنى سەيلىگە چىقىدىغان ئادىتىنى تاشلىماي كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئائىلە ھەققىدە كىتابخاندا تولۇق چۈشەنچە پەيدا قىلغان. مانا بۇ سيۇژېتنىڭ ئېكسپازىتسىيىسىدۇر، ئاندىن كېيىن: «— ھەي! ژيول مۇشۇ پاراخوتتا بولۇپ قالسا، نېمە دېگەن خۇشاللىق بولاتتى!» دېگەن دائىم تەكرارلىنىدىغان دىئالوگ بېرىلىپ، كىتابخانلاردا ژيول كىم؟ ئۇنىڭ پاراخوتتا بولۇپ قېلىشى نېمە ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا قىزىقتۇرۇپ، ئاساسىي ۋەقە ئىچىگە باشلاپ كىرگەن. مانا بۇ سيۇژېتنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى — تۈگۈنىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن دادىسىنىڭ ئىنىسى ژيول تونۇشتۇرۇلغان، ئاپتور كىتابخانغا ھېكايىدىكى پېر-

سوناژلار، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەنەشۇنداق پەيدىنپەي تونۇشتۇرۇپ، ۋەقەنى قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە ئۇنى توي مۇناسىۋىتى بىلەن قىزىقتۇرغان سايامەتكە ئاتلىنىشقىچە راۋاجلاندۇرغان. مانا بۇ سۇژىتنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى — راۋاجىدۇر.

سۇژىتنىڭ راۋاجى فىلىپنىڭ قۇلۇلە ساتقۇچىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالغانلىقىغا كېلىپ تاقىلىدۇ. مانا بۇ سۇژىتنىڭ تۆتىنچى بۆلىكى — ئەڭ يۇقىرى پەللىسى — كولمىناتسىيىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن فىلىپ قۇلۇلە ساتقۇچىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ئۈمىدى كېچىسى كۆرگەن تاتلىق چۈشتەك بىردىنلا يوقايدۇ. كىتابخاننى تازا ھاياجانغا سالىدىغان، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بېرىدىغان كولمىناتسىيە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئاخىرىدا سۇژىتنىڭ يېشىمى بېرىلگەن. ئەر - ئايال فىلىپلارنىڭ ئىنىسىدىن قاچقانلىقى، جوزېفنىڭ تاغىسىغا ئون سۇ چاي پۇلى بېرىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەنبىھسىگە ئۇچرىغانلىقى، فىلىپلار ئائىلىسىنىڭ پاراخوت ئالماشتۇرۇپ ئىنىسىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي قايتىپ كەتكەنلىكى بىلەن ھېكايە ئاخىرلىشىدۇ.

ھېكايە سۇژىتنىڭ تەرتىپلىك ھالدا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەدرىجىي چۈشىنىۋېلىشىمىزغا، ئەسەرنىڭ خاھىشىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

# «ھەسرەت» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

XIX ئەسىردىكى روسسىيە فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، گەرچە ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يانچىلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى تېخىچە ئېغىر ھالدا ساقلىنىپ تۇراتتى. روس ئەمگەكچىلىرى دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا بارغانسېرى نامراتلىشىپ، ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تارتقان دەرد - ھەسرىتى چىخوۋ ئېيتقاندەك «پۈتۈن يەر يۈزىنى باسقان» ئىدى. «ھەسرەت» ھېكايىسى ئەنە شۇنداق تارىخىي دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامالى قالمىغان دېھقان ئىئونانىڭ شەھەرگە كىرىپ كىراكەشلىك قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، بۇ تىرىكچىلىكتىمۇ نىجاتلىق يولى تاپالماي بىچارە، يېتىم ھالدا زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى تېما قىلىنغان.

ئاپتور ئىئونانىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چىنلىق بى-

لەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق يانچىلىق تۈزۈمىدىكى روسسىيە-
نىڭ قاراڭغۇلۇقىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، مۇشۇنداق ئا-
دەمخور جەمئىيەتتە ياشاشقا ئامالسىز قىلىپ، كۈندىن -
كۈنگە نامراتلىشىپ ۋەيران بولۇۋاتقان ئەمگەكچىلەر ئاممى-
سىغا چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ.

### 3. ئىمئونا ئوبرازى

ئىمئونا فېئوداللىق زۇلۇم بىلەن كاپىتالىستىك ئېكس-
پىلاتاتسىيىنىڭ قوش زەربىسىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش
قوراللىرى ۋە يەردىن ئايرىلىپ، يېزىدا ھايات كەچۈرۈش-
كە ئىمكانىيەت تاپالمىغان نامرات دېھقان بولۇپ، ئېغىر تۇرمۇش
ۋە كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئايالى ئارقىدىن ئوغلى ئۆلۈپ
كېتىدۇ. ئۇ يالغۇز قىزىنى بولسىمۇ قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش
ئۈچۈن ھاياتلىق ئىزدەپ ئاچ بۆرىدەك خىرىس قىلىپ
تۇرغان يېزىسىدىن شەھەرگە كىرىپ، كىراكەشلىك بىلەن
جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىراق شەھەردىمۇ ئۇ نىجات-
لىق يولى تاپالمايدۇ. ئورۇق، نىمجان، ئېچىقاپ كەتكەن
ئات قوشۇلغان چانىغا ھېچكىممۇ كىرا قىلىپ ئولتۇرۇش-
نى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا كىراكەشلەرنىڭ
قايتىپ كېتىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدۇ. كەچ
قېلىپ، باشقا كىرا ھارۋىسى تاپالمىغان كىشىلەرنى ئاپىرىپ
قويۇش ھېسابىغا بىر نەچچە سۇنۇق ياماققا ئىگە بولۇپ،
ئاران - ئاران جان ساقلاپ يۈرىدۇ. ئاقىۋەت ئاپقان
«دارامىتى» ئېتىغا ئوت - سامان، بوغۇز ئېلىپ بېرىش
بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق قورسىقىنى بېقىشقىمۇ

يەتمەيدۇ.

يازغۇچى ئىئونانىڭ ئايالى ۋە ئوغلىنىڭ تۈزۈكرەك شىپا تاپالماي بىمەھەل ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن پەيدا بولغان دەرد - ھەسرىتىنى بىرەر كىشىگە «باشتىن - ئاخىر ئوبدان سۆزلىۋېلىش» تەقەززاسى بىلەن قىلغان سۆز-ھەرىكەت ۋە ئىچكى ئويلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ، كونا روسىيىدە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا خەيرخاھلىق يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىئونا دەسلەپ كىرا قىلغان ھەربىي كىشىگە ئەمدىلا سۆزلىمەكچى بولۇپ ئېغىز ئاچقاندا ئۇ «ھىم ... نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتى؟» دەپ قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كىرا قىلغان «خۇش چاقچاق جانابلار» بولسا، «ھەممىمىز ئۆلىمىز... قېنى ھەيدە» دەپ قويىدۇ - دە، ئۇنىڭ سۆزلىشىگە ئىمكان بەرمەيدۇ. ئۈچىنچى قېتىم ئىئونا كىراكەش ياش يىگىتنىڭ ئۇسساپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ:

«—شۇنداق ... سالامەت بول ... مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى، ئىنىم ... ئاڭلاۋاتامسەن؟ مۇشۇ ھەپتىدە شىپاخانىدا ... ھەي تووۋا!» دېگەن گەپنى ئاران دەيدۇ. بىراق يىگىت بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالماي، ئۇخلاپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەھەر كوچىلىرىدا تىنما -تىنماق ئۆتۈشۈپ تۇرغان «ئاشۇ مىڭلارچە ئادەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ دەردى - ھەسرىتىگە قۇلاق سالغۇدەك بىرەر كىشى چىقماي» ئاخىرىدا كۆڭلىدىكى ھەممە ھەسرىتىنى ئېتىغا تۆكۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاپتور ئىئونانىڭ كىرا قىلغۇچىلار ۋە يولدا ئۇچراشقان كىشىلەر تەرىپىدىن ئاڭلاۋاتقان

تىل - ھاقارەت، كەمسىتىشلەرگە چىداپ، بىر نەچچە سۇ-نۇق ياماق ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز ئىشلىشىۋە دەرد - ھەسرىتىنى ئېيتقۇدەك ئادەم ئىزدەپ تاپالمىغانلىقى قاتارلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ئېچىنىشلىق ھالدا تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن قاتتىق خورلانغان يېتىم، بىچارە خاراكتېرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى خەيرخاھسىز، بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ، ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىۋاتقان فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن كۈچلۈك شىكايەت قىلىدۇ.

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايىنىڭ سۇژىتى ئىنتايىن ئىخچام تۈزۈلگەن. ئاپتور ئىئونانىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەممە ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىنىڭ ئازراق بىر قىسمىنىلا تەسۋىرلەش ئارقىلىق نامرات دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىدەك پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلاپ كەتكەن ئىنتايىن چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىنى، شۇ ۋاقىتتىكى روسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تىپىكلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2) ئاپتور ئىئونانىڭ تەقى - تۇرقى، ئىچكى كەچۈرمىلىرى بىلەن ئورۇق نىمجان بايتالنىڭ تەقى - تۇرقى، ياۋاش، ئاجىز ھالىتىنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئاشۇ جەمئىيەتتە بوۋاي بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغان بىردىنبىر ھەمرىيى نىمجان بايتال ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئىئونانىڭ جەمئىيەتتىكى باشقا

كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى شۇڭا ئۇنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى ئېتىغا ئېيتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئالاھىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىئونادەك مىلىيونلىغان كىشىلەرنىڭ خەيرخاھسىز، باش - پاناسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۈچلۈك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ.

3) ھېكايىنىڭ ئېكسپوزىتسىيىسىدە بېرىلگەن تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ تەسۋىرى، يەنى بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئورۇق بايتىلىنى بېسىپ كەتكەن قېلىن قارنىڭ ئاستىدا ئىككىسىنىڭ ياشاشقا ئامالسىز قالغان ھالىتى ئۇلارنىڭ قايغۇ-ھەسرەت باسقان مۇڭلۇق خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە ئىنتايىن ماسلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، ئۇستىگە چۈشكەن قار بىلەن ئىئونانىڭ «ھەممە يېرى ئاقىرىپ، بىر ئەرۋاھتەك بولۇپ قالغانلىقى» بىلەن «قوۋۇرغىسى چىقىپ قالغان داق گەۋدىسى ۋە تۆپتۈز شادا پاچاقلىرى بىلەن ھەتتا يېقىن كېلىپ قارىغاندىمۇ ئەرزەن پىرەندىكتىن ياسالغان يالغان ئاتقا ئوخشاپ قالغان» بايتىلىنىڭ ئۆرلەمەن ھالىتى ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا بىشارەت بېرىدۇ.

4) ھېكايىدىكى ھەربىي كىشى ۋە «خۇش خۇي جانابلار» نىڭ ھەرىكەت، دىئالوگلىرى، ئىئوناغا قىلغان مۇئامىلىلىرىدىن بىز ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن خالىي، ئىئونادەك بىچارىلەرنىڭ غەم - قايغۇسى بىلەن كارى بولمايدىغان يوقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئاپتور بۇ كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، مىڭىش -

تۈرۈشلىرى بىلەن ئەئونانىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرىنى كونكرېت سىلىشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي تۈرۈندىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەرنى روشەن ئېچىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىغا كونا روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەققىدە كونكرېت چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

5) «ھەسرەت» دېگەن ماۋزۇ يازغۇچىنىڭ ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىسىگە تولىمۇ ماس كەلگەن. ئەئونا خەققە دېمەكچى بولغان ھەسرەتنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە دائىر قىسمىنىمۇ ئېيتىپ بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بارلىق ھەسرەتنى سۆزلەشكە ئۇنىڭ ئىقتىدارمۇ يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بولسا تېخىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ.

ئەمما بۇ ھەسرەتنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى يازغۇچى چىخوۋ بىلەتتى. بۇ ھەسرەت مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھەسرىتى، شۇنداقلا خەلقپەرۋەر يازغۇچىنىڭمۇ ھەسرىتى ئىدى. شۇڭا بۇ ئىسىم ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن ئىنتايىن ماسلاشتۇرۇلغان.

چىخوۋ گەرچە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت چەككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چىقىش يولىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن.

# «سۈرگۈن» توغرىسىدا تەھلىل

يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ 1926 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1943 - يىلىدىن 1946 - يىلغىچە ئاقسۇ سىفەن مەكتىپىدە، 1955 - 1956 - يىللىرى بېيجىڭ سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. ئۇزاق يىللارغىچە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابدۇللا تالىپ 1946 - يىلىدىن باشلاپ «قەيسەر جەڭچى» تەخەللۇسىدا نۇرغۇن شېئىر، ھېكايە، ئوچېركلارنى، «ئەركىن جانان»، «سۆيگۈم ئەلا» ناملىق دراملارنى ئېلان قىلغان. سەكسەنىنچى يىللاردا «قاينام ئۆركىشى» ۋە «چالا تەككەن ئوق» ناملىق رومانلارنى، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان.

«سۈرگۈن» يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» ناملىق رومانىدىن ئېلىنغان.

«قاينام ئۆركىشى» رومانى ۋەتەنپەرۋەر، ئوت يۈرەك شائىر ۋە ئىنقىلابىي جەڭچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئەسەر بولۇپ، ئاپتور بۇ روماندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاخىرقى جان تالىشىش پەيتلىرىدە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇقىنى ئۆتكۈر سىنىپىي، سىياسىي كۆرەش-

لەر زېمىنىدا تەسۋىرلەپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تىراگېدىيە-
لىك تەقدىرگە يولۇققانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر قەدەر
چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

رومانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەر-
دىكى ئۇنىڭدا تىز پۈكمەس ئىنقىلابىي جەڭچى لۇتپۇللا
مۇتەللىپنىڭ قەيسەر خاراكتېرىنىڭ پىششىپ يېتىلىشى رېئال
سىنىپى، سىياسىي كۈرەشلەر ئارقىلىق كۆرسىتىلىپ قال-
ماستىن، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇزاق
ئىجتىمائىي، سىنىپى، مىللىي زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنىڭ
تارىخى بىلەن زىچ باغلاپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شائىرنىڭ
تراگېدىيىسى بىلەن زىچ باغلىنىپ تۇرغان خەلق تراگېدى-
يىسىمۇ ئېچىپ بېرىلگەن.

«سۈرگۈن» — شائىر ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلى-
نىش ئالدىدىكى ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئىخ-
چام ئەكس ئەتتۈرگەن بىر باب بولۇپ، بۇ بابتا يازغۇچى
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ لۇتپۇللانى «خىزمەت يۆت-
كەش» بانىسى بىلەن ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلغانلىقىنىڭ سە-
ۋەبلىرىنى بىر قەدەر جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي ۋەزى-
يىتى يەنىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. تەرەققىيپەرۋەر كىشى-
لەر ئارقا - ئارقىدىن تۇتقۇن ۋە سۈرگۈن قىلىندى. ئۈ-
رۈمچىنىڭ ھەر قايسى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان
كومپارتىيە ئەزالىرى كەينى - كەينىدىن قاماققا ئېلىندى.
بۇ بابنىڭ باش قىسمىدا تەسۋىرلەنگەن «شىنجاڭ گېزىتى»
تەھرىر بۆلۈم كوررېكتورلىرىدىن بولغان ئىككى - ئۈچ
خوتۇن - قىزنىڭ ئەسىرچىلىك ئىچىدە قىلىشقان گەپ - سۆز-

لىرىدە دەل مۇشۇنداق قىيىن شارائىت ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن. ئاپتور كوررېكتورلارنىڭ سۆھبىتى، نۆۋەتچى تەھ-
رىرنىڭ لۈتپۇللا قالدۇرۇپ كەتكەن باغاقنىڭ مەزمۇنى بو-
يىچە تارتىمدىن ماقالىنى ئالىمەن دەپ ئۇنىڭ كۈندىلىك
خاتىرىسىنى ئوقۇپ قالغان ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق لۈتپۇللا
باشتىن كەچۈرۈۋاتقان قىيىن سىياسىي ۋەزىيەتنى ئىخچام ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇنداق ئۆتكۈر سىياسىي ۋەزىيەتتە
خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى
شەرەپلىك بۇرچۇم دەپ تونۇيدىغان شائىرنىڭ روھىي دۇن-
ياسىدا كەسكىن ئىدىيىۋى كۈرەش بولۇشى تەبىئىي ئىدى.
شۇڭا ئاپتور شائىرنىڭ ئاشۇ پەيتتىكى ئىدىيىۋى ھېسسى-
ياتىنى خاتىرە شەكلىدە ئىپادىلەپ، شائىرنىڭ قەيسەر خا-
راكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن.

1 - دېكابر

«پەسىل ئۆزگەردى ... ...»

ئاپتور شائىرنىڭ بۇ كۈندىكى خاتىرىسى ئارقىلىق
ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي كۆز قارىشىنى ئوبراز-
لىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تېر-
رورلۇق ھەرىكەتلىرىنى بىردىنلا ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭ
ئاتموسفېراسىغا قەھرىتان قىش، شىۋىرغانلىق جۇدۇن باش-
لاپ كەلگەنلىكىنى؛ شائىرنىڭ دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىش
ئىرادىسىنىڭ يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

3 - دىكابر

بۇ كۈندىكى خاتىرىدە شائىرنىڭ جىياڭ جېيشىنىڭ
خوتۇنى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەز-
يەتتىكى جىددىي ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن ھۇشيار سىياسىي

سەزگۈرلىكتە تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى-نىڭ كەسكىنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سىناق ئالدىدا روھىي جە-ھەتتە پۇختا تەييارلىقى بارلىقىنى ئىپادە قىلغان.

5 - دېكابىر

بۇ كۈندىكى خاتىرىدە «مەخمەلدەك گۈزەل چىمەنزار» دېگەن ئوخشىتىش ئارقىلىق شائىرنىڭ ئەركىن، ئازادە، تىنچ تۇرمۇشنى سېغىنغانلىقىنى، ھالبۇكى بۇنداق تۇرمۇش ئەمدى ئىزدىسە تېپىلمايدىغان بولۇپ يۈتكەنلىكىنى ئىپا-دىلىگەن ھەم كۆرەش بىلەن ئۇنى قايتا قولغا ئېلىش ئۈ-مىدىنى، ئىشەنچىنى ئىپادىلىگەن.

7 - دېكابىر

بۇ كۈندىكى خاتىرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان قەبىھ جىنايى قىلمىش-لار پاش قىلىنغان ھەم شائىرنىڭ غەزەپ - نەپرىتى ئى-پادە قىلىنغان.

11 - دېكابىر

بۇ كۈندىكى خاتىرىدە كىچىككىنە بىر تەپسىلاتنى كۆر-ستىش ئارقىلىق ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي قاتلامدىكى كى-شىلەرنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان ئوخشىمىغان پوزىتسىيە، ئوخ-شىمىغان سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلىگەن.

15 - دېكابىردىكى خاتىرىدە شائىرنىڭ جىددىي ۋە-زىيەت ئاستىدىكى قەيسەر پوزىتسىيىسىنى، 16 - دېكابىر-دىكى خاتىرىدە مىللىي ساتقىنلارنىڭ ئاشۇ جىددىي ۋە-زىيەتتىكى ئۆزگىرىشچان پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

27 - دېكابىر

بۇ كۈندىكى خاتىرىدە شائىرنىڭ ياش قەلبىدە پەي-

دا بولغان مۇھەببەتكە ئىنتىلىش ۋە ئىنقىلاب بىلەن مۇـ
ھەببەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى ئىپادە قىلىنغان.

قىسقىسى، بۇ خاتىرىلەردە شائىرنىڭ گومىنداڭ ئەكـ
سىيەتچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان سىياسىي زوراۋانلىقىنى
مەنسىتمەيدىغان، ئۆزىنى گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي
كۈرەشكە بېغىشلىغان جەسۇرانە غەيرەت، ئىرادىسى، توـ
لۇق نامايان قىلىنغان. ھەقىقەتەنمۇ خەلق گومىنداڭ ئەكـ
سىيەتچىلىرىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۇنـ
داق ئېغىر زۇلمەتلىك كۈنلەردە خەلق ئاممىسى ۋە ئىنقىـ
لابىي كۈچلەر ئالدىدا ئىككى خىل يول بار ئىدى. بىرى،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە قىرغىنچىـ
لىقى ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ئۇلارغا قۇل بولۇش، يەنە بىـ
رى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىـ
نىپ، ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئازاد، ئەركىن، يېڭى
ھايات يارىتىش. شائىر مۇشۇنداق جىددىي ۋە خەتەرلىك
سىياسىي ۋەزىيەت ئاستىدا قىلچە ھودۇقماي، تەمتىرىمەي،
شۇ دەۋر ئالدىغا قويغان بۇ جىددىي مەسىلىگە شېئىرى ئەـ
سەرلىرى بىلەنمۇ، ئەمەلىي ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى بىـ
لەنمۇ دەل ۋە توغرا جاۋاب بەردى. شائىرنىڭ مۇشۇنداق
ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشى ۋە باھاسى سىڭدۈرۈلگەن «يىلـ
لارغا جاۋاب» شېئىرى ئۇنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر.

«يىللارغا جاۋاب» شېئىر مۇشۇنداق كەسكىن سىياـ
سىي ۋەزىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا
شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا قارىشى، سىياسىي قارىـ
شى ۋە ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئېنىق
ئەكس ئەتكەن. شائىر بۇ جەڭگىۋار شېئىرى ئارقىلىق ھاـ

ياتنى كۆرەش بىلەن مەنىلىك ئۆتكۈزگەندىلا «يىللار» غا
توغرا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى
ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «يىللار» قوش
مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ، بىرىنچىدىن، ۋاقىت ئۆلچىمىنى
بىلدۈرىدىغان يىللارنى (ۋاقىتنى)، ئىككىنچىدىن، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئادەتتىكى يىللارنىڭ
يورغىلىشىپ تېز ئۆتۈپ تۇرۇشى كىشىلەرنى بىمەزگىل
قېرىتىپ، «قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال» سوۋغا قىلـ
غىنىدەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ رەھىمسىزلىك بىـ
لەن خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، خورلاپ، قىرىپ، ئىـ
لىمىزدە ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھاياتىنى بىھۇـ
دە ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل زۇلۇمغا قارشى جەزمەن
بىر چىقىش يولى تېپىش كېرەك. بۇنداق چىقىش يولى
پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كۆرەش قىلىش يولىدىن ئىبارەت
دېگەن پىكىرنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇشۇ باپتا
لۇتپۇللالارنىڭ ئىزىغا چۈشكەن «نامەلۇم ئىككى كىشى» يېـ
زىلغان بولۇپ، لۇتپۇللالارنىڭ ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇپ كەتـ
كەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ بايانلار ئارقىلىق
تەقىپ ۋە نازارەت قىلىشلار شۇنچە جىددىي، «يىللار»
قانچىلىك رەھىمسىز بولسىمۇ، لۇتپۇللا ئىككىلەنمەستىن
دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق ئىسـ
تەكلىرىنى شېئىرلىرىغا سىڭدۈرۈپ، قاراڭغۇ كېچىدىكى يۇلـ
تۇزلاردەك چاقنىغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىپ، خەلقنى
كۆرەشكە ئۈندىگەنلىكىنى «كۆرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا قېـ
رىمايدىغان» جاسارەتكە ئىگە بولۇپ، باتۇرلارچە كۆكرەك
كېرىپ ئالغا باسقانلىقىنى، زور خۇشاللىق بىلەن كۈنسېرى

قانات يېيىۋاتقان خەلقىنىڭ قوراللىق كۆرىشىنى كۆ-
رۈپ، غەلىبىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارىغانلىقى-
نى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئېسىلارمەن مىلتىق بىلەن تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالب يولغا.

مانا بۇلار ل. مۇتەللىپنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي كۆز قاراشلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى.

# «چۇغلۇق» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

شائىر بوغدا ئابدۇللا 1941 - يىلى لەنجۇدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلغىچە ئۇرۇمچىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1965 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرى «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» 1954 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى ئىزچىل شېئىرى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «باھار غۇنچىلىرى»، «يەلكەن»، «چۈش كۆردۈم بىر جۈپ ئانارگۈل» داملىق شېئىرلار ۋە داستانلار توپلاملىرىنى ئېلان قىلدى.

«چۇغلۇق» باللادىسى ئاپتورنىڭ خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىنىڭ بىرى.

## 2. باللادىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

شائىر بوغدا ئابدۇللا «چۇغلۇق» باللادىسىدا تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن فانتازىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، چۇغلۇق ۋە ئۇنىڭ ئاشىقى سادىقنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇلىرىغا

رېئال تۇرمۇشتا يېتەلمەي، غايىۋى تۇرمۇشتا يەتكەنلىكىنى تېما قىلغان. شېئىردا فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلار ئەمگەكچى خەلقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىگىمۇ يول قويمايتتى، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. شائىر يەنە ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئارقىلىق يېڭى جەمئىيىتىمىزنىڭ مىسلىسىز ئەۋزەللىكىنى ۋە بەختىيار ھاياتىمىزنى قەدىرلەش، گۈللەندۈرۈش لازىملىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

باللادىدا مەركەزلىك ھالدا چۈغلۇق بىلەن سادىقنىڭ ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن زالىم باي بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق كۈرىشى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسلىدە چۈغلۇق ئىشتا چېۋەر ئەمگەكچان قىز بولۇپ، ياخشى كۆرگەن يىگىتى سادىق بىلەن ئايرىلماسقا كېلىشىدۇ. بىراق نەچچە ۋاقىتتىن چۈغلۇقنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرگەن زالىم باي ئۇلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشىگە يول قويمايدۇ. نەتىجىدە باي بىلەن سادىق ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىش يۈز بېرىدۇ، سادىق باينى ئۆلتۈرۈپ، چۈغلۇقنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. چۈغلۇقنىڭ ئۆز مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى قەتئىي قوغداپ، سادىق بىلەن بىللە قېچىشى ئۇنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى ئازادلىق، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، ھوقۇقسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ فېئوداللىق جەمئىيەتكە قارشى

كۆرەشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلار ئەمگەكچى خەلقنى ئائىلە، نىكاھ ئەركىنلىكىگىمۇ يول قويماي، خالىغانچە بوزەك قىلاتتى. يوقسۇللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلغان يەككە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى كۆرمىك قېتىملاپ يۈز بەرگەندى. بالладىدا تەسۋىرلەنگەن چۇغلۇق بىلەن سادىقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىمۇ ئاشۇ كۆرمىك قېتىملاپ يۈز بەرگەن قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر.

ئۇلار گەرچە قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىشىپ، زالىم باينى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتەلمەيدۇ، مانا بۇ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مۇقەررەرلىك. چۈنكى بىر زالىم ئۆلگىنى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان زوراۋان كۈچ تېخى يوقالمىغانىدى. ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگەنلىكى ئايرىم ھادىسە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا ئېرىشەلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆز مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى ۋە ساپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىشى مەدھىيىلەشكە مۇناسىپ قەھرىمانلىق ھەرىكەت.

شائىر بالладا سۈژىتىنىڭ كېيىنكى داۋامىنى فانتازىيىلىك يول بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەھرىمانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتا يېتەلمىگەن ئارزۇلىرىغا نۇر گەردىشى چاقناپ تۇرغان غايىۋى دۇنياغا بېرىپ يەتكەنلىكىنى ۋە

ئۇلارنىڭ رېئال دۇنياغا قايتىدىن چۈغلۈق بولۇپ ئۇنگەن-
لىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن
كەڭ خەلق ئاممىسىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ كەلگەن قا-
راڭغۇ فېئوداللىق جەمئىيەتكە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرسە،
يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، ئىنسا-
نىي ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىل-
غان قەھرىمانلىق روھىنىڭ مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شائىر باللادىدا بىر - بىرىگە سادىق ئىككى ئاشىق-
مەشۇقنىڭ ساپ قېنىدىن ئۈنگەن، خۇش پۇراق چېچەك،
كىشىلەرنىڭ زوق - ھەۋىسىنى تارتىپ تۇرغان، ئىنسانى-
يەت جەمئىيىتى بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدىغان چۈغلۈق-
نىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

## 3. باللادىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) شائىر باللادىدا رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى
بىلەن فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈپ، مەركە-
زىي ئىدىيىنى ئىخچام، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەش
مەقسىتىگە يەتكەن. فانتازىيىلىك قۇرۇلما - باللادىنىڭ
ئالاھىدىلىكى، يەنى باللادا فانتازىيىلىك قۇرۇلمىغا ئىگە
بولۇشى لازىم. ئەگەر فانتازىيىلىك قۇرۇلما بولمىسا، ئۇ
ۋەقەلىك شېئىرغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «چۈغلۈق» باللادىسى
باللادىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بۇ ئالاھىدىلىكنى مۇۋاپىق
گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، چوغلۇقنىڭ لىرىك ئوبرازىنى
كۆرۈنەرلىك ئېچىپ بېرىدۇ.

2) باللادا كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇش جەھەتتىن تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ

بىرىنچى بۆلەك باللادىنىڭ كىرىش قىسمى بولۇپ، شائىر بۇنىڭدا گۈزەل باھار ئاخشىمى مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بەختلىك دەۋرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر ئارقىلىق باللادا ۋەقەلىكىگە يول ئاچىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە چۈغلۈقنىڭ ھېكايىسى بېرىلگەن. بۇ باللادىنىڭ ئاساسى ۋەقەلىكى بولۇپ، رېئاللىق بىلەن فانتازىيە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا چۈغلۈق گۈلنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە چۈغلۈقنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسى بىلەن شائىرنىڭ چۈغلۈق ھېكايىسىدىن چىقارغان خۇلاسىسى سۆزلىنىدۇ.

تۆتىنچى بۆلەك بىرىنچى بۆلەكتىكى باھار تەسۋىرىنىڭ يەنى يېڭى جەمئىيەت تەسۋىرىنىڭ داۋامى. شائىر باللادا ۋەقەلىكىنى باھار تەسۋىرى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ (قېلىپلاشتۇرۇپ)، ئۆتمۈشنى ئەسلىگەنلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

3) باللادىنىڭ تىلى ناھايىتى يەڭگىل، يېقىملىق بولۇپ، شائىر ستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۆركەم ۋە يېقىملىق تىل ئوبرازى ئارقىلىق ۋەقە، كۆرۈنۈش، لەززەتلىك ھېس ـ تۇيغۇ، قايغۇلۇق ھەسرەتلەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، باللادىنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا بېرىلگەن باھار تەسۋىرىدە باھار ئاخشىمى بىلەن تاڭ ئاتقانلىقىنى بىۋاسىتە تەسۋىرلىمەستىن، كەپتەرنىڭ ئۇۋىدا، سامادا ئىكەنلىكىنى، «گۈلشەن»، «بۇل-

بۇل» قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق گۈزەل لىرىك تۇيغۇغا باي، قىزىقارلىق يېڭى مەنزىرە تەسۋىرى ياراتقان.

ئۇندىن باشقا «قانچە سايلار سۇغا تولغان، مەن تۆككەن، ياشتىن» «يىلدا ئىشلەپ تاپالمايتتى، پۇلنى چاينىڭ» دېگەن مۇبالىغىلەر چۈغلۇق بىلەن دادىسىنىڭ ئۆتمۈشتە تارتقان جەبىر - جاپالىرىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن بولسا، «ئۆستەڭلەردە توختايتتى سۇ، بىر سۆزى بىلەن» دېگەن مۇبالىغە بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەددى - ھېسابسىز زورلۇق-زومبۇلۇقنى ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن.

## «مارجان» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

مۇپاسسان بۇ ھېكايىدە تۆۋەن قاتلام بۇرژۇئا ئائىلە-
سىنىڭ ئورۇنسىز شۆھرەت - ھەۋەسكە بېرىلىش ئارقىسىدا
ئاددىي، تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى
تېما قىلغان بولۇپ، (ماتىلدا ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
يارىتىپ) بۇرژۇئازىيىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ رەزىل-
لىكىنى، پۇل، مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇرژۇئا مەدە-
نىيىتىنىڭ ساقتىلىقىنى، كاپىتالىستىك جەمئىيەت كىشىلەرنى
شەخسىي مەنپەئەت، پۇل، ئابروي، يۇقىرىغا يامىشىش،
ئاچكۆزلۈك ۋە بىمەنە ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە بېرىلىشكە
مەجبۇر قىلىپ كېرەكتىن چىقىرىپ، خانىۋەيران قىلىۋەت-
كەنلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ بەرگەن.

### 2. ماتىلدا ئوبرازى

يازغۇچى ماتىلدا ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىنى ئاساسەن
ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىر-
لەش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ. ماتىلدا «تەقدىرنىڭ خاتا-
لىقىدىن كىچىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغان
ئىنتايىن گۈزەل قىزلاردىن ئىدى»، ئۇ بۇ خىل گۈزەللىكى

بىلـەن يۇقىرى سىنىپ ئائىلىلىرىدە تۇغۇلمىغىنى ئۈچۈن
ئۆزىنى ئىنتايىن بـەختسىز ھېسـابلايدۇ. ئېرىنىڭ ئوتتۇرا
ھال ئەھۋالى، ئۆيىنىڭ كونا، ئاددىي جاھازلىرى، ھەتتاكى
ئۆيدە خىزمەتكار قىزچـاقنىڭ بولۇشمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگـە
ياقمايدۇ. ئومۇمەن، ئۇ قولى يەتمەيدىغان ھـەشـەمـەتلىك
تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادقا تەلپۈنىدۇ. ئاپتور ھېكايىنىڭ بېشىـ
دىلا ماتىلدانىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ خىل بۇرژۇئازىيىـ
چە ھەۋەسنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، بىر تـەرەپـ
تىن ئۇنىڭ بۇرژۇئا جـەمئىيىتىدىن يۇقتۇرغـان شۆھرەت،
مەنپەئەت، بايلىققا مەستانە بولغـان خـاراكتېرىنى ئېچىپ
بەرسە، ئىككىنچى تەرەپتىن، بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ تەرەقـ
قىياتى بىلەن تۆۋەن قاتلام بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ ئەمەلـ
گە ئاشمايدىغان قۇرۇق خـام خىيـاللىرى ئوتتۇرىسىدىكى
ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېـ
رىدۇ. ھەممە مۇناسىۋەتلەر بايلىق، مەرتىۋە ئۈستىگە قۇرۇلـ
غان بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرى مىليونلىغان
خەلق ئاممىسىنىڭ قان - تەرى ھېسابىغىلا ھەشـەمەتلىك
تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بىراق ئۇلارغـا ئوخشـاش ئورۇن
ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولالمىغان تۆۋەن قاتلام كىشىلەر قانـ
چىلىك خام خىياللارغا بېرىلمىشىدىن قـەتئىينەزەر، ئۇنداق
تۇرمۇشقا ئىگە بولالمايدۇ. مانا بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئوـ
رۇنسىز شۆھرەت - ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشىلەرنى ئـاخىر
قاتتىق ھەسرەتكە مەھكۇم قىلىدۇ. ماتىلدا ئـەنـە شۇنداق
زەھەرلىنىشكە ئۇچرىغـان تۆۋەن قاتلام بۇرژۇئا ئائىلىسىـ
نىڭ ئايالى. ماتىلدا يۇقىرقىدەك ئارزۇ - ھەۋەسلـەرنىڭ
شەيداسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ

بىردە، ئۇشتۇمتۇت يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بىراق بۇ ۋاقىتلىق خۇشاللىق ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق ئازابىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بايلارنىڭ ئاياللىرىنىڭكىدەك ئەمەسلىكىدىن، ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان زىبۇ زىننەتلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن قايغۇغا چۆكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاق كۆڭۈل، ئىقتىسادچان ئېرىنى تېخىمۇ تەڭ قىسلىققا چۈشۈرۈپ، چىرايلىق كىيىم تىكتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۆزى بولسا، تانسىغا قىممەت باھالىق مارجان ئېسىپ بېرىش ئۈچۈن، باي خېنىم بولغان دوستىنىڭ ئۆيىدىن بىر قۇر مارجاننى ئارىيەتكە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە دوستىنىڭ ئۆيىگە بارماسلىقنى قارار قىلغان ماتىلدا شۆھرەت يولىدا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ بىر قېتىم بولسىمۇ بۇرژۇئاچە تۇرمۇش ھەۋەسىنىڭ لەززىتىنى سۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئاپتور ماتىلدانىڭ بۇ خىل ئارزۇ - ھەۋەس، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ئىخچام تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئاچىدۇ.

ماناشۇنداق روھىي ئازاب ۋە ئۆز تۇرمۇشىدىن پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىقتىسادىي چىقىم ھېسابىغا ئۇ بىر نەچچە سائەتلىك روھىي لەززەت، «بەختلىك» گۈزەل خېنىم بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بەخت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، چەكسىز ھۇزۇرلىنىدۇ.

بىراق ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى بىر قېتىم كۆرگەن لەززەتلىك چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئورۇننى تولدۇرۇش قىيىن بولغان ئەلەملىك قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ.

يۇتۇپ كەتكەن مارجاننى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇز ئالتە مىڭ فرانك خەجلەيدۇ. يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز ئالغان پۇللارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئون يىللىق جاپالىق تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى دەسمايە سېلىپ بېرىدۇ.

ئاپتور بۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئاچە تۇرمۇش ھەۋەسلىرىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى، بۇرژۇئاچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئادەتتىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلەرنى قانچىلىك بەختسىزلىكلەرگە مۇپتىلا قىلىدىغانلىقىنى، ئەڭ ياخشىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ خىل رەزىللىكلىرىدىن يىراق بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆتكۈر ھالدا ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

ئاپتور ماتىلدا ئوبرازىغا قارىتا ئۇنىڭ قولى يەتمەيدىغان ئورۇنسىز ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىنى پاش قىلىش بىلەن بىللە ئورۇنسىز شۆھرەت، ھەۋەسنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە خەيرىخاھلىق بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىنى، ئون يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنى يالماپ كەتكەن ھېلىقى «مارجان» ئاخىر «جا مارجان» بولۇپ چىقىدۇ. يازغۇچى ھەۋەسنىڭ ئاقىۋىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەش بىلەن ماتىلدا خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتنى تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرىدۇ. يازغۇچى بۇرژۇئا جەمئىيىتى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ رەزىللىكىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، دوستلۇقنىڭ ساختىلىقىنى، ئۇنىڭغا ئاددىي كىشىلەر خۇشتار بولۇپ قول سوزسا، تۈۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئېچىپ بېرىدۇ. ماتىلدا بىر

نەچچە سائەتلىك ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ لەززىتى ھېسابىغا تراگېدىيىلىك خەتەرگە يولۇقۇپ، ئۇن يىلدىن كېيىن، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىدىن ئايرىلغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتور بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىپ بېرىدۇ. ماتىلدانىڭ دەسلەپتە ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىياللارغا مەھكۇم بولغان شۆھرەتپەرەسلىك خاراكتېرى ئۇن يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزگىرىدۇ. كەمبەغەللىك، ئاددىي تۇرمۇش ئۇنى ئۆتكەنكى روھىي بېسىملاردىن خالىي بولغان ئەركىن، يېنىك ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا رازى بولۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

### 3. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايە ئاپتور بىۋاسىتە بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، كومپازىتسىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ناھايىتى تەبىئىي ۋە پۇختا بولغان. ئەسەر سۇژېتىنىڭ بۆلەكلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى خۇددى يىپقا تىزغان مارجاندەك رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

ھېكايە باشتىن ـ ئاياغ بۇرژۇئاچە تۇرمۇش ھەۋەسلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. ئالدى بىلەن ماتىلدا خانىمنىڭ ئورۇنسىز ھەۋەسكە مەھكۇم بولغانلىقى، ئارزۇلىرى، ئىچكى تۇيغۇلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىپ، ئۇشتۇمتۇت شۇ ئارزۇلىرىغا يەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئاپتور ئۇنىڭ بەختكە ئېرىشكەن كۈنى ئۇنىڭ بەختسىزلىككە دۇچار بولغان كۈنى ئىكەنلىكىنى تەبىئىي يورۇتۇپ، بۇرژۇئاچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ساختىلىقىنى

ۋە رەزىللىكىنى كۈچلۈك ئېچىپ بېرىدۇ.
ئاپتور «مارجان» نىڭ «جا مارجان» ئىكەنلىكىنى
ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىش بىلەن ماتىلدانىڭ
شۆھرەتپەرەسلىكىنىڭ ناھۇۋاپىقلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇرژۇئا
جەمئىيىتىدە كىچىككىنە بىر ئىشنىڭ ئاددىي كىشىلەرنى
تۈۋى يوق ھاڭلارغا ئىتتىرىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىن-
تايىن ئۆتكۈر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال
كىتابخانىنىمۇ پەۋقۇلئاددە ھاياجانلاندۇرۇپ، بۇرژۇئاچە
مۇناسىۋەتلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ھەسسىلەپ
ئارتتۇرىدۇ. جا مارجان ھېكايىنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسىدۇر.
2) ھېكايىدە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ناھايىتى كونكرېت ۋە
ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىپ، قەھرىماننىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىش-
لىرى ئىنتايىن جانلىق ئېچىپ بېرىلگەن. ماتىلدانىڭ دەس-
لەپكى ئوي - خىياللىرى، تانسا كېچىلىكىگە بېرىپ ئارزۇ-
لىرىغا يەتكەنلىكى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز لايا-
قىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ھەسرەتكە چۆككەنلىكى، پۈتۈن
ئىقتىسادىنى دەسمىي سېلىپ كىيىم كىيىش بىلەن قائائەت
قىلماي مارجان قەرز ئالغانلىقى، مارجاننىڭ يوقىلىشى ۋە ئا-
قىۋەتتە تۆلەشكە مەجبۇر بولغانلىقىدەك تۇرمۇش تەپسىلاتلى-
رى ناھايىتى تەبىئىي ۋە چىن تەسۋىرلەنگەن. بىراق ئاپ-
تور مۇنداق جەبىر - جاپالار قىممەت باھالىق ھەقىقىي
مارجان ئۈچۈن ئەمەس، ئاددىي بىر مارجان ئۈچۈن بول-
غانلىقىنى ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىتابخانلار
ئالدىدا پارتلاش خاراكتېرلىك روھىي زىلزىلە پەيدا قىلىپ،
ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تە-
سىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

# «پاگون» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. يازغۇچى ۋە ئۇچېركىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى تۇردى سامساق 1923 - يىلى قەشقەر بەشكېرەمدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى ئالتاي، ئىلى ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ ئىشلىگەن، 1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان. مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - جۇنى بولۇپ قايتا تەشكىللەنگەندە مۇشۇ جۇننىڭ 14 - شىسىدا تەشۋىقات بۆلۇم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، «ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ، 1956 - يىلدىن باشلاپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا باشلانغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «كۆكلەم» «بەشكېرەم» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى، «تىيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق سىنارىيە، پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان.

1930 يىلدىن باشلاپ مىلىتارىست شىڭ شىسەينىڭ ۋەھشىيانە زۇلمىغا ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1942 - يىلىغا كەلگەندە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرـ

نىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئىچىگە چۈشۈپ، تېخىمۇ ئېغىر سىياسىي كۈلپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك مىللىي، سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە خەلقنىڭ سەۋر - تاقىتىنى تۈگەتكەچكە، 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئىلى رايونىدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى پارتلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئىنقىلاب دولقۇنى كەلكۈن سۇدەك ئۇلغىيىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنى ئازاد قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، مۇنتىزىم ئارمىيە تەشكىللەندى. شۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە يۈرۈش قىلىپ، بۇ ۋىلايەتلەردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 1946 - يىلى ماناس چېگرىسىغىچە يېتىپ باردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، پۈتۈن ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى.

«پاگون» ناملىق ئوچېرك مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىلغان.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

يازغۇچى خەنزۇ بوۋاينىڭ ئۇشتۇمتۇت قەتلە قىلىنغانلىقى ھەم قاتىللىق قىلىنغان ئورۇندىن مىللىي ئارمىيە «پاگونى» تېپىلغانلىقى ۋەقەسىنى تېما قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھەر مىللەت ئەمگەكچى

خەلقنىڭ كۈچلۈك ھەربىي ئىنتىزامغا ئىگە ئۆز ئارمىيىسى ئىكەنلىكى؛ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىك باراۋەرلىكىنى. ئىتتىپاقلىقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىگىلا ئەمەس، خەنزۇ خەلقىگىمۇ قارشى تۇرىدىغان، زىيانكەشلىك قىلىدىغان قىلمىشلىرىغا قەتئىي يول قويمايدىغان ئىنقىلابىي ئارمىيە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئوچېرك تۆت بۆلەكتىن تۈزۈلگەن.

بىرىنچى بۆلەكتە ئاپتور ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ خەنزۇ بوۋاي قەتلە قىلىنغانلىق ۋەقەسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى جىددىي پوزىتسىيىسىنى، رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىنى چاقىرتىپ، ئەنزىنى دەرھال ئېنىقلاب چىقىشنى تاپشۇرغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلغان

ناھايىتى ئېنىقكى، قوماندانىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ جىددىيلىكى بۇ ئىشقا ناھايىتى چوڭ ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنىڭ، ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ تۈرۈلۈك، قەدەملىرىنىڭ سالماقلىقى بۇ ئىشقا ئىنتايىن غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ ئىنكاسىدۇر. شۇنىڭدەك رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىنى چاقىرىپ دەرھال ئېنىقلاپ چىقىشنى بۇيرۇشى ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بايان قىلىپ كېلىپ، مايور كېرىموۋنىڭ ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئورۇنغا بېرىپ، ۋە-

قەنى تەكشۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن يېزىلغان دوكلاتنى قوماندانغا يەتكۈزگەنلىكى بايان قىلىنغان ھەم بۇ پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىنىڭ قاتىللىق ۋەقەسى ھەققىدىكى دەسلەپكى يەكۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1) بۇ ئورۇندا تۇرىدىغان ھەربىي قىسىملار ئىككى ئاتلىق قىسىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاقايدىغان پاگونى قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئورۇندىن تېپىلغان پاگون بىلەن ئوخشىمايدۇ.

2) قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئورۇندىن تېپىلغان ئاق جىيەكلىك، سۆس يېشىل رەڭلىك پاگون غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق پىيادە قىسىملارنىڭ پاگونى بىلەن ئوخشاش.

3) ئۆلگۈچى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان، جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئورنى يوق يەككە - يىگانە ئۆتۈۋاتقان يەتمىش ئۈچ ياشلىق نامرات بوۋاي.

4) مۇنداق بىر ئادەمنى غۇلجىدەك يىراق ئورۇندىن كۈرەگە كېلىپ؟ ئۆلتۈرۈپ كېتىش ھەر قانداق مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ئۈچۈن ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمىغان بىر ئىش.

شۇڭا بۇ قاتىللىق ئەنزىسىدە چوقۇم بىر سىر يوشۇرۇنغان.

دېمەك ئاپتور بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان خۇلاسىنى ئەينەن بايان قىلىش ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئورنىنىڭ ھەر قانداق ئىشقا، جۈملىدىن ئارمىيىنىڭ ئىنقىلابىي نوپۇزىغا مەسئۇل-

يەتچانلىق بىلەن قارايدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك رەھبەر-
لىك ئورگىنى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىتابخانلارنى
قاتىللىق ۋەقەسى بىرەر سۈيىقەستلىك ھەرىكەتنىڭ نەتىجە-
سى ئوخشايدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ كې-
يىنكى ئېنىقلىنىش جەريانىغا قىزىقتۇرغان.

ئۈچىنچى بۆلەكتە غۇلجا پولكىنىڭ كوماندىرى قېيۇمبەگ
ھاكىموپنىڭ قوماندانىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغانلىقى، بۇ قى-
سىمغا مەنسۇپ بولغان پاگوننىڭ يوقىلىشى ۋە قانداق سە-
ۋەب بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالغانلىقى قاتار-
لىق بىر قاتار مۇرەككەپ ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ بايان
قىلىنغان. شۇنداقلا قوماندانلىقنىڭ مىللىي ئارمىيىنىڭ
ئىنقىلابىي ھەربىي ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشكە بولغان قەت-
ئىي مەيدانىنى، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا سىياسىي
ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، دۈشمەن پايدىلىنىپ كېتىش مۇمكىن
بولغان ھەر قانداق بىخۇتلۇقتىن ساقلىنىش ھەققىدىكى
قەتئىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇلارغا ئۇلاپلا قاتىل-
لارنىڭ قولغا چۈشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغانلار ئىكەنلىكى، پاگون-
دىن پايدىلىنىپ، جاۋابكارلىقنى مىللىي ئارمىيىگە ئارتىپ
قويۇپ، بۆلگۈنچىلىك قىلماقچى بولغانلىقىدەك سۈيىقەستلىك
جىنايى قىلمىشنى قاتتىق پاش قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا قا-
تىللىق ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي جەريانى ئېنىق بايان قىلى-
نىپ، مىللىي ئارمىيە ھەربىي سوتىنىڭ قاتىللارغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىپ، نەق مەيداندا ئىجرا قىلغانلىقىنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان ھەم گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ-
دىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقلىرىنىڭمۇ

ئورتاق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئار-
مىيىسىگە قىلغان جىنايى سۇيىقەستىنىڭ ئەينى دەۋردە
ئەنە شۇنداق ئېچىپ تاشلانغانلىقىنى، مۇندىن كېيىنمۇ
ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا چاپلايدىغان بوھتانلىرى ۋە جىنايى
مەقسىتى ئوخشاشلا ئېچىپ تاشلىنىپ، رەسۋا بو-
لىدىغانلىقى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

### 3. ئوچېركىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

ئوچېرك چېكىنىپ بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يې-
زىلغان. ئالدىدا قاتىللىق ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە
ئۇ يەردىن تېپىلغان «پاگون» ھەققىدە سۆزلەنگەن. بۇ
ئارقىلىق كىتابخانلاردا زادى قانداق ۋەقە سادىر بولغان-
دۇ؟ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىمۇ مۇشۇنداق بولمىغۇر
ئىش سادىر بولغانمىدۇ؟ دېگەن ئوي پەيدا قىلىپ قىزىق-
تۇرىدۇ. ئاندىن بۇ ئەنزىنىڭ ئېنىقلىنىش جەريانى، پاگون
يوقاتقان قىسىم مەسئۇللىرىنىڭ تەنقىد قىلىنغانلىقى قاتار-
لىق ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ

2) قاتىللارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى تۇيۇقسىز ئوتتۇ-
رىغا چىقىرىلىپ كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانى تۈ-
گۈچ يېشىلگەن ھەم «پاگون» نىڭ ساتقىنلار تەرىپىدىن
پايدىلىنىپ كېتىلگەنلىكى، بۇ خىل جىنايى قىلمىش گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن پىلانلىق ئېلىپ بېرىل-
غانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(3) «پاگون» دېگەن ماۋزۇ ئوچېركىنىڭ ئىچكى مەز-
مۇنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قىلىپ ياخشى قويۇلغان ھەم

بارلىق ۋەقەلەر يەنە مۇشۇ «پاگون» مەسىلىسىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كىتابخانلارنىڭ دىققەت نەزەرىنى پاگونغا ئالاھىدە مەركەزلەشتۈرگەن. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇچېركىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئىپادىلەشكە تولۇق زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

(4) ئۇچېركتا تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىجابىي خاراكتېرى تەسۋىرلەنگەن ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى سۆزلەنگەن. بۇلار كىتابخاندا تارىخىي چىنلىقنى بىلىش، تەھلىل قىلىپ كۆرۈش ۋە باھالاش ئىستىكىنى پەيدا قىلىدۇ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرىدۇ ۋە تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

# «ھاياتلىق بۇرچى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ھېكايىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى توختى ئايۇپ 1945 - يىلى كۇچار ناھىيە-سىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە باشلان-غۇچ مەكتەپ ۋە ئاقسۇ سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1970- يىلغىچە كۇچار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكتە كەسپىي ئىجادىيەتچى، 1979 - يىلدىن باشلاپ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياز-غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

توختى ئايۇپنىڭ ئەسەرلىرى 1962 - يىلدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان. ھازىرغىچە «ھايات قەدرى» ناملىق ھېكا-يىلەر توپلىمى، «قىساس» ناملىق دراممىسى، «مارجان بۇ-لاق» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى، «بەخت ئىزدى-گۈچى ناملىق كىنو سىنارىيىسى، «ئارمان» ناملىق پوۋېست-لار توپلىمى ئېلان قىلىنغان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جى-نايى قىلمىشلىرىدىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئېلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان قايمۇققان ئاما ۋە ياشلار تېزدىن ئويغىنىپ توغرا يولغا قايتىپ كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بە-زىلىرىنىڭ خاراكتېرى، تونۇشى ۋە مىجەز - خۇلقىدا قالاي-مىقانچىلىق يىللاردا سىڭىپ قالغان يامان ئادەتلەرنىڭ

تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ كەلدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلى-
رى ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ يامان ئادەتلىرىدىن
يىرگىنىپ ئارىغا ئالمىغانلىقى، نەپرەتلەنگەنلىكى، ئەيىبلەش
مۇئامىلىسىدە بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلاردا يالغۇزلۇق تۇي-
غۇسى ئەۋج ئېلىپ، نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدى-
غان، باشقىلار تەربىيە بەرسە قارشىلىق بىلدۈرىدىغان بو-
لۇپ قېلىشتى. شۇڭا بۇ بىر تۈركۈم ياشلارنى يامان ئىش-
لاردىن قول ئۈزۈشكە قايىل قىلىپ، تەربىيەلەپ توغرا يول-
غا قايتۇرۇپ كېلىش پارتىيىمىزنىڭ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەر
دەرىجىلىك ئورگانلىرىنىڭ، خەلقىمىزنىڭ كۆز ئالدىدىكى
مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. «ھاياتلىق
بۇرچى ناملىق ھېكايە مانا شۇنداق ئىجتىمائىي ئەھۋالنى
ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە بوۋاينىڭ ئازغان ياش قاسىمنىڭ كىشى نەپ-
رەتلىنەرلىك يامان قىلمىشلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلماي، بەلكى
ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقىنى تىما
قىلىش ئارقىلىق ئازغان ياشلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلى-
رىغا قارىتا ھەممىشە غەزەپلىنىش، نەپرەتلىنىش، ئەيىبلەش
پوزىتسىيىسىنى قوللىنىۋەرمەستىن ئۇلارغا ئاسراش، كۆيۈنۈش
ئىنسانىي مېھرىبانلىقىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا
بىر مەزگىل كۆمۈلۈپ قالغان ياخشى ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ئويغات-
قاندىلا، ئۇلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ — بىزنىڭ
ھاياتلىق بۇرچىمىز ئەنە شۇ، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى
ئىلگىرى سۈرگەن.

### 3. ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژلار

بوۋاي ئوبرازى

بوۋاي ئۆمۈر بويى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىۋاتقان ھەم مۇھىت تازىلىقىغا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇۋاتقان بىر ئاددىي تازىلىق ئىشچىسى. يازغۇچى بوۋاينىڭ خاراكتېرىدىكى ئېسىل خىسلەتلەرنى ئۇنىڭ ئەمگەككە ۋە ياشلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەم ئەمەلىي ئىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

تازىلىق ئىشچىلىرى — ئۆمۈر بويى ئەخلەت - چاۋار، سېسىقچىلىقلار ئىچىدە يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش شارائىتى ناھايىتى ناچار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق ئىشنى پاسكىنا، پەس كۆرۈپ ئىشلەشنى خالىمايدۇ. بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەر بۇنداق ئىشنى ئىشلەشتىن بەك قاچىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بوۋاي بولسا، كىشىلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىغا، كوچىلارغا يىغىلىپ قالغان ئەخلەتلەرنى تازىلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى قامدايدىغان بىر ئاددىي ئىشچى. ھېكايىنى ئوقۇغاندا بىز بوۋاي ئوبرازى ھەققىدە مانا شۇنداق چۈشەنچىگە كېلىمىز. بىراق يازغۇچى بىزگە بۇ خىل تەسۋىرلىرى ئارقىلىق بىرىنچىدىن، مۇھىت تازىلىقىنىڭ جەمئىيەتنى گۈزەللەشتۈرۈشتىكى ئەھمىيىتى، ئىككىنچىدىن، تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ مەيىنەتچىلىكتىن قورقماي جاپا - مۇشەققەتلىك ئىشلىشى ئارقىلىقلا مۇھىت گۈزەللىكىكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دەرۋەقە بوۋاي ئۆز كەسپى

جەمئىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك كەسپلەرنىڭ بى-
رى ئىكەنلىكىنى ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىق تولۇق تونۇپ
يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋاي بىر تەرەپتىن ھەر كۈنى
جاپاغا چىداپ ئىشلەيدۇ، ئەخلەتلەرنى تازىلاپ سىرتقا ئا-
پىرىپ تاشلىغۇچە ئارام ئالمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن
ئۆزى ئەخلەت توشۇيدىغان دائىرە ئىچىدىكى ياش - ئۆس-
مۈر ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستلىشىپ ئۇلارنى ھەرىكەتكە
سېلىپ، ھويلىلىرىنى، كوچىلارنى تازىلاپ ئەخلەتلەرنى ھار-
ۋىسىغا بېسىپ بېرىشقا سەمىمىي جەلپ قىلىدۇ. بوۋاينىڭ
بۇنداق ھەرىكىتىدىن بىز ئۇنىڭ ئۆزى قىلىدىغان ئىشلارنى
ئۆسمۈرلەرگە قىلغۇزدۇۋالغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۆس-
مۈرلەرنى جىسمانىي ئەمگەكنى سۆيىدىغان، مۇھىت تازىلىقى-
نى ئاسرايدىغان قىلىپ تەربىيىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەنە شۇنداق سەمىمىي ئەمگەكچى بوۋاي كوچىدا
توڭلاپ قالغىلى تاس قالغان قاسىم جودانى ئۇچرىتىپ،
ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھاقارەتلىگەنلىكىگە ھەم
ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ توسقىنىغا قارىماستىن، جۆگىسىغا ئو-
راپ، ھارۋىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ. ئەگەر بو-
ۋاي ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم
توڭلاپ ئۆلەتتى. بوۋاي بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن
قاسىم دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ ساقايغۇچە ھەر كۈنى نەر-
سە كېرەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىدۇ، نەتىجىدە قا-
سىم سەللىمازا ساقىيىدۇ. ئۇ ئۆزىنى كىمنىڭ دوخ-
تۇرخانىغا ئەكىلىپ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى سېستىرالاردىن ئىنىق-
لاۋاتقان ۋاقىتتا بوۋاي قىپقىزىل ئالمىلار قاچىلانغان
سومكىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى يوقلاپ كىرىپ قالىدۇ - دە، قا-

سىم ئۆزىگە كۆيۈنۈپ، غەمخورلۇق، ئاتىدارچىلىق قىلغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمۇالىدۇ.

ئاپتور بوۋاينىڭ بۇ بىر قېتىمقى ئاددىي ئىش — ھەرىكىتى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ناھايىتى زور بىر مەسىلىنى — پاكىز، ئازادە ئىشلارنى قىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار ھەتتا رەھبىرىي كادىرلارمۇ ھەل قىلالمايۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەخلەت چاۋارلارنىڭ ئىچىدە كۈن بويى ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئاددىي ئەمگەكچىنىڭ قەلبىدە يالتىراپ، قوياشتەك نۇر چېچىپ تۇرغان ئىنسانىي بۇرۇچ، ئەجدادلارنىڭ ئەۋلاتلارئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىدۇر. بوۋاينىڭ خاراكتېرى ئاشۇنداق ئېچىپ بېرىلگەن ۋە ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە ھەمىزىر باغلانغان. بۇ «ھاياتلىق بۇرچى» ھېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىدۇر.

قاسىم ئوبرازى:

قاسىم جەمئىيەتتە ئورنى بار، ئەمىلى بار، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتەرلىك بولغان ئائىلىدە ئەركە ئۆسكەن بالا. ئۇ جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ۋە يامان كەيپىياتلارنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە ئۆكتەملىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ھاراق ئىچىۋېلىپ، جېدەل ـ ماجرا تېرىپ داڭ چىقىرىدۇ. مانا بۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەتسىزلىك ھەرىكىتىنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان يامان تەسىرى ئىدى.

ئاپتور قاسىمنىڭ «قاسىم جودا» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى

نىڭ جەريانىنى بىر قەدەر تىپىك تەسۋىرلەپ، مۇشۇنداق
ئازغان ياشلارنى بالدۇرراق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۆزگىچە ئۇ-
سۇللىرىنى تېپىش يولىدا ئىزدەنگەن، يەنى ئۇ بوۋاينىڭ
ئىجابىي پائالىيەتلىرى بىلەن قاسىمنىڭ ناموۋاپىق ھەرىكەتلى-
رىنى گىرەلەشتۇرۇپ يېزىپ، ئازغان ياشلارغا نەپرەت بىلدۈ-
رۈش - توغرا، بىراق نەپرەت بىلدۈرۈش، ئەيىبلەش، تەنقىد-
لەشلا ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىن - بىر يولى ئەمەس، ئەڭ
مۇھىمى ئۇلارغا ئىنسانىي مېھرىبانلىق ئارقىلىق تەسىر قىلىپ،
ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۆمۈلۈپ قالغان ساپ تۇيغۇلارنى قوزغىتىش
كېرەك دېگەن خاھىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئاپتور قاسىمنىڭ ئاپتوبۇس ئىچىدە بوۋايغا قىلغان
يولسىز زوراۋانلىقلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ جەم-
ئىيەتتە پەيدا قىلغان يامان تەسىرىنى يېتەرلىك پاش
قىلغاندىن كېيىن، دەل ئۇ يولسىزلىق بىلەن ئۇرغان، ھا-
قارەتلىگەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قاي-
رىپ قويۇپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، غەمخورلۇق قى-
لىشتەك ئالاھىدە دىتالنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق قاسىمنىڭ
مەينەتچىلىك بىلەن بۇلغانغان روھى دۇنياسىدا جىددىي
داۋالغۇشنى پەيدا قىلىدۇ. «بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ...
مەن قانداقسىغا ھايات قالدىم. قايسى رەھىمدىل ئادەم مې-
نى قۇتقۇزدىكىن؟» مانا بۇ خىل روھىي ئۆزگىرىشلەر قاسىم-
نىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ ئىپا-
دىسىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسىم ئۆزىنى ئىلىپ كېلىپ،
غەمخورلۇق قىلىۋاتقان نامەلۇم بوۋاينىڭ ئاتىدارچىلىق پو-
زىتسىيىسىدىن تەسىرلىنىپ، بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى
سېستىرادىن قايتا - قايتا سوراپمۇ مۇنداق يېقىن كىشىسى

بارلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ خىل ئۇچكى ھە-
رىكەت قاسىم جودانىڭ پۈتۈنلەيلا يامان بالا ئەمەس، بەل-
كى ۋىجدانى تېخى پۈتۈنلەي بوزۇلۇپ كەتمىگەن، ئۇز-
نىڭ بەختسىزلىق قىلمىشلىرىدىن ئۆكۈنۈۋاتقان بىر ياش
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دەرۋەقە، يازغۇچى مانا شۇنداق جىددىي ئىدىيىۋى
كۈرەش بولۇۋاتقان داۋالغۇش ۋەزىيىتىدە «نامەلۇم غەم-
خورچى» بوۋاينى پەيدا قىلىپ، قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىدا پارت-
لاش خاراكتېرلىك داۋالغۇش، ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ،
قاسىم ئۆتكەنكى بارلىق بەختسىزلىقلىرىغا بىراقلا پۇشايمان
قىلىدۇ. ئۆزى يولسىزلىق بىلەن ئۇرغان ھاقارەتلىگەن
كۆرۈمسىز بوۋاينىڭ ئۆزىنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇ-
ۋالغان ئالىيجاناپ ئىنسانىي پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزىنى
ئەيىبلەپ، ئۆز قىلمىشلىرىدىن نەپرەتلىنىپ نومۇس ۋە
خىجىللىقتىن ھوشسىزلانغان ئادەمدەك بولۇۋېلىپ كارىۋات-
قا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالىدۇ. مانا بۇ كۆمۈلۈپ قالغان
ياخشى خىسلەتلەرنىڭ، ئىنسانىي غۇرۇرىنىڭ، كىشىلەر ئال-
دىدىكى ھاياتلىق بۇرچىنىڭ قايتا قوزغىلىشى ئىدى. ئۇ-
نىڭ بەختسىزلىقلىرى خىيال ئېكرانىدىن خۇددى كىنو لېن-
تىسىدەك ئۆتۈپ، ئۇنى ئورتەپ تاشلايدۇ. ئۇئەمدى ئۆز-
نى ھەرگىز كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەن-
دەك ھېس قىلىپ، «گويا سەۋدايى ئادەمدەك بوغۇق ھۆ-
كۈرەپ بوۋاينىڭ ئايىغىدا تىزلىنىدۇ.

— بوۋا! جېنىم بوۋا...!»

شۇنداق قىلىپ، ئاپتور قاسىمنىڭ سەلبىيلىكتە قانچىلىك
دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ھەم بوۋاينىڭ ئىنسانىي مېھرىبان-

لىقىنىڭ تەسىرىدە قانداق ئۆزگىرىشكە يول ئالغانلىقىنى بىر قەدەر جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايىدە چېكىنىپ بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئالدى بىلەن قاسىمنىڭ ھايات - ماماتلىق خەۋپى ئاستىدا دوختۇرغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۇ ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سورىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە مۇشۇ سىرنى بىلىش ئىستىكىنى ئويغىتىپ، ھېكايىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش قىزغىنلىقىنى قوزغىغان.

2) بوۋاينىڭ ئەخلەت - چاۋار، چاتقاللارنى تازىلىغۇچى ئاددىي ئىشچى ئىكەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئاددىي ئەمگەكچىگە خاس ۋۇجۇدىدا يۇشۇرۇنۇپ تۇرغان نىنى بىلىملىك، كىشىلەردىمۇ ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان خىسلىتى، ئۇنىڭ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەخلەت - چاۋارلارنى ئۇنۇملۇك تازىلىيالايدىغان ئالىيجاناب مەنىۋى خىسلىتىنى ناھايىتى تەبىئىي بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، كىتابخانلاردا چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەسىر پەيدا قىلالىغان.

3) ھېكايىنىڭ تېمىسى «ھاياتلىق بۇرچى» دەپ ناھايىتى ياخشى قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەسەرنىڭ پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى مەركەزلىك يورۇتۇپ تۇرىدىغان ھەم ئۇنىڭدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيىنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان قىلىپ تاللانغان .

## «مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئاپتور ۋە ھېكايىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى نۇر روزى 1942 - يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ چارەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1960-يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ ماشىنىسازلىق فاكولتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1966 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ 1 -، 3 - شىلىرىدا، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1985 - يىلدىن بىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە.

نۇر روزى 1980 - يىلى «قوشماق ئاداش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. «قىساس» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

«مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى» ئاپتورنىڭ ئىككىنچى ھېكايىسى بولۇپ، 1982 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1944 - يىلى قوزغالغان ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئاساس قىلغان مىللىي ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ، مىللىي ئارمىيە بىر يىلغا يەتمىگەن

ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىپ، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىگە يۈرۈش قىلدى، 1946 - يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىككى ۋىلايەتنىمۇ ئازاد قىلىپ، ماناس چېگرىسىغىچە يېتىپ باردى. جان ھەلقۇمىگە كەلگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلۈپ، ئۇرۇش توختىتىلدى. بىراق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ۋىلايەت، ناھىيىلەردە دەھشەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇشتى. گومىنداڭ پىرقىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت ئېلىپ باردى. ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بۇنداق ۋەھشىيانە تەقىپ ۋە باستۇرۇشلارغا قارىماستىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. «مۆمىننىڭ مومىغا چىققىشى» ناملىق بۇ ھېكايە مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 2. ھېكايىنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ئاپتور ھېكايىدە مۆمىن ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مەكتەپ ھويلىسىغا قادالغان گومىنداڭ بايرىقىنى يىقىتىپ تاشلاش يولىدىكى بىر قېتىملىق ھايات - ماماتلىق كۈرەشنى تېما قىلىپ، ياش ئۆسمۈر مۆمىننىڭ ئويغىنىپ دا-

دىسى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلى-
رىگە قارشى بىر مەيدان جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقىنى
مەدھىيىلىگەن، شۇنىڭدەك گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئۆلۈم
ئالدىدا ساراسىمىگە چۈشۈپ يۈرگۈزگەن ئاق تېررورلۇقى-
نى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئويغانغان خەلق ئاممىسىنىڭ قەي-
سىرانە كۈرەش ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

### 3. ھېكايىدىكى پېرسوناژلار

مۆمىن ئوبرازى

مۆمىن ئەسلىدە پومېشچىكنىڭ كالا پادىسىنى باقى-
دىغان ئاق كۆڭۈل، ساددە ئۆسمۈر ئىدى. ئۇ دادىسى
بىلەن بىللە بايغا شۇنچە جاپالىق ئىشلەپ بەرسىمۇ، قور-
سىقى تويغۇدەك تاماق، بويىنى ياپقۇدەك كىيىمگە ئېرى-
شەلمەيدۇ. ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق
نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، بايراقنىڭ قانداق
نەرسە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن
قولغا ئېلىنغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا تەرتىپ مۇدىرى
ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ساختا تىل خېتىگە ئىشىنىپ،
دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مومىغا چىقىپ، تانىسى
غالتەكتىن چىقىپ كەتكەن بايراقنى چىقىرىپ بەرمەكچى
بولىدۇ.

ئاپتور مۆمىننىڭ مومىنىڭ ئۇچىغا چىقىش جەريانىدىكى
ھەرىكەت ۋە روھىي كەچۈرمىشلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىر-
لەپ، جاپاكەش ئائىلىدە ئۆسكەن، ساددە، ئاق كۆڭۈل
بالىنىڭ دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆر-

ستىشتەك پائالىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.
«ۋاي - ۋۇي نېمە دېگەن ئېگىز! جاھاننىڭ ھەممە
يېرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن ... شۇنچە چوڭ جاھان بىزگە
نېمانچە تار؟ ھەي! كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكى!
بىر چارەك قوناقنى بېرىشنى تەس كۆرۈپ، دادامنى ئوغرى
تۇتۇپ، سولىتىپ قويدى تېخى! ياق! بىردەممۇ قاراپ
تۇرماسلىق كېرەك، دادامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك!» مانا
بۇ مۆمىننىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى ساددە چۈشەنچىلىرى!
بىراق ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە تەگسىز تۇرمۇشقا بولغان
نارازىلىق كۈچلۈك، بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ ياش ئۆسمۈر
قەلبىدىكى تەسىرى. ئەمما مۆمىننىڭ سىنىپىي كۈرەش،
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى، دادىسىنىڭ
يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا كەڭرەك چۈشەنچىسى
يوق. شۇڭا ئۇ باشقا نەرسىلەر توغرىسىدا ئويلاپ ئولتۇر-
مايلا، دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ساختا تىل خەتكە
ئېشىنىپ، مومىغا چىقىپ، بايراقنى چىقىرىدۇ. شۇ چاغدا
پۈتلىرىغا كىشەن سېلىنىپ، مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن دادىسى
ئوغلىنىڭ نېمىشقا مومىغا چىققانلىقىنى سورايدۇ. مۆمىن
دادىسىغا يەنە شۇ ئاددىي بالىلارچە چۈشەنچىسى بىلەن:
«دادا، سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقاردىم»
دەپ خاتىرجەم جاۋاب بېرىدۇ.

بىراق دادىسىنىڭ ئارقىمۇئارقا قويغان سوئاللىرى
ۋە چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئۇنىڭدا «بايراق» قانـ
بەتەن ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ، يەنى ئۇ ئانىسىـ
نىڭ، بەشتۇگمەندىكى ئون توققۇز ئادەمنىڭ جادۇغا بېـ
سىلىپ، ئۇجمىگە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، قىرىق ئادەمنىڭ

خۇمدانغا تىرىك كۆمۈلۈشى مۇشۇ بايراقتىكى بەلگىگە ئوخشاش بەلگىسى بار شەپكە كىيگەنلەر تەرىپىدىن بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان بايراقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. بايراقنى تىكلەش ئۆلتۈرۈلگەن ئانىسىنىڭ ۋە باشقا ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا ئاسىيلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، دادىسى ۋە دادىسىدەك مىڭلىغان قەھرىمان ئادەملەر شۇ بايراقنى يىقىتىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۇنىڭ مومىنىڭ ئۇچىغا قايتا تېزدىن ئۆرلەپ: «دادا مېنى بېقىپ چوڭ قىلىغىنىڭغا رازى بول» دېگەنلىكى مۆمىنىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ بايراقنى چۈشۈرۈۋەتسە يەنە چىقىرىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى موما بىلەنلا ئاغدۇرۇۋېتىشى كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزىنىڭمۇ قۇربان بولىدىغانلىقىنى ئېنىق مۆلچەرلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مۆمىن مومىنى جان-جەھلى بىلەن سىلكىپ سۇندۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىقىلىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

دېمەك ئاپتور ھېكايىدە ياش ئۆسمۈر مۆمىننىڭ كۈرەشنىڭ كەسكىن پەيتىدە دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئانىسى ۋە باشقا يۇرتداشلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ۋە گومىنداڭنى ئاغدۇرۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

### مۇسا بوۋاي ئوبرازى

مۇسا ئەسلىدە سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدى-

غان يالالنىما كۆنچى ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
تەسىرى بىلەن ئويغىنىپ، بەشتۈگمەندىكى پارتىزانلار
ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. گومىنداڭنىڭ پىرقە
ئەزالىرىنى كۆپەيتىش بىللە بىلەن خەلق ئۈستىدىن نازا-
رەت ۋە تەقىپنى كۈچەيتىپ، باستۇرۇش ئېلىپ بېرىۋات-
قانلىقىغا قارشى يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. بىراق
ئەكسىيەتچىلەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى مەخپىي تىڭ - تىڭ-
لاپ، ئۇنىڭ ئايالىنى دەھشەتلىك ھالدا جادۇغا بېسىپ
ئۆلتۈرىدۇ. ئۆزىنى «بىر چەملىك كالا تېرىسىنى ئوغرىلى-
لىۋالدى» دېگەن باھانە بىلەن تۈرمىگە تاشلايدۇ.
مۇسا ئوغلىنىڭ دۈشمەننىڭ ئىزىقتۇرۇشىغا يولۇقۇپ،
بايراقنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەندە ئوغلىغا ھەق-
قەتنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ سۈيى-
قەستىنى ئاشكارىلاپ، بايراقنى قايتا يىقىتىشقا ئۈندەيدۇ.
بۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى خەۋپكە ئۇچراشتىن
تاشقىرى جاندىن ئەزىز ئوغلىنىڭ قۇربان بولۇشىمۇ كۆزگە
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇ بايراقنىڭ چىقىرىلغانلى-
قىغا قارىتا گەپ - سۆز قىلمىسا ئوغلى ساق
قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق خورىكى ئۆسۈپ
كەتكەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بايرىقىنى مومىغا چىقارماسلىق-
نىڭ ئۆزىمۇ دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان كۈ-
رەش ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ بۇنداق جىددىي
پەيتتە ئوغلىدىن بايراقنى قايتا يىقىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
شۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇ ئوغلىنى ئېتىۋەتمەكچى
بولغان مۇدىرنىڭ ئۈستىگە يولۋاستەك ئېتىلىپ بېرىپ،
ئۇنىڭ گورەن تومۇرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇ ئوغلىنى

قانچىلىك ياخشى كۆرىدۇ ـ ھە!؟ ئۇ ئوغلىنىڭ ھايات قې-
لىشىنى قانچىلىك خالايدۇ ـ ھە!؟ لېكىن ئوغلى دۈشمەن
بايرىقى قادالغان مومىنى ئۆرۈپ بىللە يىقىلىپ، جان بەر-
گەندە، قىلچىلىك قايغۇ ـ ھەسرەت چەكمەيدۇ، بەلكى
ئىپتىخارلىق بىلەن «داداڭ سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى»
دەپ ئۆزىمۇ قۇربان بولىدۇ.

ئاپتور ھېكايىدە ئويغىنىپ ئىنقىلاب سېپىگە ئاتلان-
غان ياللانما ئەمگەكچى مۇسانىڭ پىداكارلىقىنى قىسقا،
جانلىق ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك
ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ئەزىز
جېنىنى ئىنقىلابقا تەقدىم قىلغان ئىنقىلابچىلارغا مەدھىيە
ئوقۇيدۇ.

مۇسانىڭ بۇ جاسارىتى ئەتراپتىكى ئاممىنى ئويغىتى-
دۇ. ئۇلار كۈرەشنىڭ قانلىق ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ،
مۇسانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلاب
سېپىگە ئاتلىنىدۇ.

ئوسمان ئوبرازى

ئوسمان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سادىق غال-
چىسى، ئۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق مەنسىپىگە ئىگە بول-
غاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن خا-
لىغانچە ئۆكتەملىك قىلىدۇ. گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئەزا-
لىرىنى مەجبۇرىي كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن
گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جېنىنىڭ
بارىچە خىزمەت قىلىدۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
خەلقنى بىگۇناھ قاماققا ئېلىش، دەھشەتلىك ئۇسۇللار
بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىدىن نومۇسسىزلارچە

خۇشال بولىدۇ. بايراقنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرەكلىرى «پىژژىدە ئېچىشىپ» كەتكەن مۇدىر گومىنداڭ داڭبۇسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇنى ۋاقتىدا چىقارماقچى ۋە ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ، يالغان تىل خەت يېزىپ نارىسىدە مۆمىننى دادىسىغا قوشۇپ نەزىر قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. مۇدىرنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن قىلغان غالچىلىقى شۈنچىلىك شەرمەندە ۋە رەزىللىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئۇ بىر تەرەپتىن «بايراقنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك» دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن خوجايىنلىرى ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكۈپ، قورققىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ، خوجايىنلىرىنىڭ ماختاش ۋە ئىنئامىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، مۇسا ئاتا-بالا ئىككىسىنى دوغا تىكىپ، رەزىل سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۆز قولى بىلەن ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ قىزىل قېنىنى تۆكىدۇ.

ئاپتور ھېكايىدە مۇدىر ئوسماننىڭ رەزىل خاراكتېرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، گومىنداڭ جاللاتلىرىغا مالاي بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئابروي ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى ئايىماي باستۇرۇپ، ئىككى قولى ئۆز خەلقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان سىنىپي دۈشمەن، مىللىي ساتقىنلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ھېكايىدە مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن ئۈچ پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى

ئورنى، قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، مىجەز ـ خۇلۇق
ۋە ئىدىيىۋى ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرـ
دىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەپ
بېرىلگەن، مەسىلەن: مۆمىنىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرـ
مۇش جەريانىدا قەيسەر بولۇپ يېتىلىپ، خېيىم ـ خەتەرـ
دىن قورقمايدىغانلىقى، مۇسانىڭ زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيـ
نىڭ خورلىشى ئاستىدا سىنىپىي ئېڭى ئۆسۈپ يېتىلىپ،
پىداكارلىق بىلەن كۆرەشكە ئاتلانغانلىقى، مەكتەپ مۇدىـ
رىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە يۆلىنىپ، باشقىلارنىڭ
ئۈستىدىن خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلىدىغان، خوجايىنلىرى
ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكۈپ خوشامەت قىلىدىغان خاراكـ
تېرلىرى خېلى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2) پېرسوناژلارنىڭ پورترېت تەسۋىرىمۇ كونكرېت
خاسلىققا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. مەسىلەن،
ئاپتور مۆمىنىنىڭ قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ماتاـ
دىن تىكىلگەن كۆينەك ـ تامباللىرى يىرتىلىپ، ئالا ـ
يېشىل ياماق چۈشكەن، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ قىزغۇچ
توپا رەڭگىدە بولۇپ قالغان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ئورۇق،
ئېگىزگىنە بىر بالا بوسۇغىدا كۆرۈندى... ئۇنىڭ پۇتلىرىـ
نىڭ دۈمبىلىرى يېرىلىپ ئاق بالداقتەك ئېتىلىپ كەتكەـ
نىدى...» مانا بۇ تەسۋىرلەردىن خۇددى تىرىك بىر بالا
كۆز ئالدىمىزدا تۇرغاندەك ئېنىق ۋە جانلىق تەسەۋۋۇر
قىلالايمىز.

3) پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئۆز خاراكتېر، ياش ئالاـ
ھىدىلىكىگە خاس ھالدا بېرىلگەن. مۇدىرنىڭ تەكەببۇرانە،
ئۆكتەملىك بىلەن قىلغان سۆزلىرى، مۇسانىڭ سىنىپىي

ئىنتىقامى ئۇرغۇپ تۇرغان كۆچلۈك، كەسكىن گەپلىرى، مۆمىنىنىڭ باللارغا خاس، سادده گەپ - سۆز، ئوي - خىياللىرى ئارقىلىق ھەر بىر ئوبراز بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان دەرىجىدە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان.

4) تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىلىرى ھېكايە سۇژېتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى: «بۇلۇتلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان ئون تۆت كۈنلۈك ئاي سۇتتەك ئاپئاق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى» دېگەن تەبىئەت تەسۋىرى شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىدىن بىشارەت بەرسە، ئون تۆت كۈنلۈك ئاينىڭ ئىنقىلابچىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇشى ئىنقىلابنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى سىمۋوللۇق ئىپادىلەيدۇ.

5) ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا قىستۇرۇلما قىلىنغان: «ئاق تومانلىق يىگىتنىڭ ئون نەچچە ئەزىمەتنى باشلاپ ماڭغانلىقى» تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزىنى ئىنقىلابقا بېغىشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانغانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىدۇر. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن بۇ بىر ئېپىزوت بىر مۇسا ئۆلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئون مىڭلىغان مۇسالار تولدۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىنقىلابىي كۆرەشنى ھەر قانداق تېررورلۇق توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇنداق ھەرىكەتلەر خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا، ئۇيۇشۇشىغا ۋە ئىنقىلابقا ئاتلىنىشىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# «قارىغايىنىڭ خىسلىتى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يولداش تاۋجۇ ئېلىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي ئەرباب-
لىرىدىن بىرى. ئۇ 1908 - يىلى خۇنەن ئۆلكىسىدە
تۇغۇلغان. 1926 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە
كىرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاممىنى ئويغىتىش، ئەكسىيەت-
چىلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشتەك ئىنقىلابىي پائا-
لىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپى-
لىرىنى جان - دىلى بىلەن ئىجرا قىلغان. ئۇ 1935 -
يىلى 5 - ئايلاردا خائىنلارنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشى بىلەن
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان.
تۈرمىگە سولانغاندىن كېيىنمۇ دۈشمەننىڭ قىيناش، سوراق
قىلىش، تەھدىت سېلىش قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتلىرىدىن
قورقماستىن، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەنگە
تىز پۈكمىگەن. كېيىن جۇئېنلەي، يې جيەنيىڭلارنىڭ تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن تۈرمىدىن چىققان ۋە يو-
شۇرۇن ئىنقىلابىي خىزمەتلەر بىلەن پائال شۇغۇللانغان.
1940 - يىلى يەنئەنگە بارغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنقى-
لابىي سەپداشلىرى بىلەن بىللە ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش، گومىنداڭغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش ھەرى-
كەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، پارتىيىنىڭ مۇھىم رەھبەر-

لىك خىزمـەتلىرىنى ئىشلىگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى، پارتىيە مەركىزىي كـومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زوڭـلىسى قاتارلىق مۇھىم رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن.

«تۆت كىشىلىك گورۇھ» فاشىستلىق دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە يولداش تاۋجۇ پـارتىيە مـەيدانىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ تارتىپ چىقىرىپ پىپەن قىلىش، كۆرەش قىلىش ھەرىكەتلىرىدىن قورقماي، پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى، ئۆزىنىڭ پارتىيىۋى مەيدانىنى قوغدىغان بولسىمۇ، 1969 - يىلـى لىۋ شاۋچى قـاتارلىق ئىنقىلابىي رەھبەرلـەر بىلـەن بىرلىكتە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بـولغان. يولداش تـاۋجۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئورغۇنلىغان مـۇھىم خىزمـەتلىرىنى ئىشلەشتىن تاشقىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان شېئىر ۋە نەسرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «غايە، خەلق ۋە مەنىۋى تـۇرمۇش»، «ئىدىيە ھېسسىيـات، مـۇھەببەت» نـاملىق ئىككى تـوپلام قىلىپ نەشر قىلىنغان.

«قارىغاينىڭ خىسلىتى» 1959 - يىلى نەشر قىلىنغان «غايە، خەلق ۋە مەنىۋى تۇرمۇش» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان.

ئاپتور بۇ لىرىك نەسىردە قـارىغاينىڭ خىسلىتىنى قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كوممۇنىستىك خىسلەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناپ ئىدىيىسىنى، ئەخلاقى - پەزىلىتىنى ۋاسىتىلىك گـەۋدىلەندۈرۈپ، يېڭى

جۇڭگو ياشلىرىنىڭ غايە، پىسخىكا ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى، بۇنداق ئۇلۇغۋار پەزىلەتنى بالدۇرراق يېتىلدۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

### 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

«قارىغاينىڭ خىسلىتى» ئاپتورنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قىلغان دوكلاتى بولۇپ، ئاپتور بۇ دوكلاتىدا قارىغاينىڭ خىسلىتىنى تەرىپلەش ئارقىلىق، ياشلارنىڭ قارىغايغا ئوخشاش خىسلەتكە ئىگە بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىپ، ۋەتەننىڭ ئېھتىياجلىق خادىملىرىغا ئايلىنىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

### 3. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى

ئەسەر ئون تۆت ئابزاس، ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلگەن.

بىرىنچى بۆلەك بىرىنچى، ئىككىنچى ئابزاستىن ئىبارەت. ئاپتور بىرىنچى ئابزاستا 1958 - يىلى قىشتا قىلغان سەپىرىدە يول ياقىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارىغايلارنى كۆرۈپ، قارىغايغا نىسبەتەن ئۆزىدە ھاسىل بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالدىنقى ئىككى كۈن ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا قىلغان دوكلاتىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، قارىغايدەك خىس-

لەتكە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتكەن.
ئىككىنچى ئابزاستا قارىغايغا قايىل بولۇش يالغۇز ئۆزىدىن باشلانغان ئىش ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۆتمۈشتە ئۆتكەنلەرمۇ ئۇنى مەدھىيىلەپ، ئەخلاقىي پەزىلەتلىك سىمۋولى قىلغانلىقىنى تەكىتلەپ، كىتابخانىلارنى (دوكلات ئاڭلىغۇچىلارنى) قارىغايىنىڭ زادى قانداق خىسلەتلىرى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغاندۇ؟ دېگەن ئىزدىنىش ئىستىكىگە ئەكىلىپ، بۇ ھەقتىكى ئاساسىي مۇلاھىزىلىرىنى سۆزلەشكە ئۆتكەن.
ئىككىنچى بۆلەك ئۈچىنچى ئابزاستىن سەككىزىنچى ئابزاسقىچە بولغان ئالتە ئابزاستىن تۈزۈلگەن.
ئۈچىنچى ئابزاستا ئاپتور قارىغايىنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ئىپسىل تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر-بىرلەپ تەرىپلەپ ئۆتكەن.
1) قارىغايىنىڭ ئۇرۇقى ھەرقانداق ئورۇنغا چۈشسە يەر شارائىتىنى تاللىماي، زېمىستان سوغۇق، تومۇز ئىسسىقتىن قورقماي ھەممە يەردە ئۆسۈپ-ئۈنۈۋېرىدۇ.
2) قارىغاي باشقىلارنىڭ ئۇغۇتلاپ سۇغىرىشىنى، زىيانلىق ھاشاراتلارنى يوقىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ.
3) قارىغاي قاتتىق بوران-چاپقۇنلاردا ئۆرۈلۈپ، تاشقىن سۇلاردا ئېقىپ كەتمەي، قەھرىتان سوغۇقتا توڭلاپ، قۇرغاقچىلىقتا قۇرۇپ قالماي تۇرىۋېرىدۇ.
دېمەك يۇقىرىقىلاردىن قارىغايىنىڭ ئىككى خىسلىتى ئايدىڭلىشىدۇ. بىرىنچى، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك؛ ئىككىنچى، ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئىنتايىن ئاز.
ئاخىرىدا ئاپتور كىشىلەر قارىغاينى كۆرگەندە ئاپىرىن

ئېيتىشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ئەنە شۇ، دەپ يەكۈنلىگەن.

تۆتىنچى ئابزاستا ئاپتور قارىغايغا ئاپىرىن ئوقۇشنىڭ ئىككىنچى مۇھىم سەۋەبىنى تەرىپلىگەن.

1) ئۇ پىداكارلىق روھىغا ئىگە. ئۇنىڭ غولى، يوپۇرماق، قوۋزاقلىرى، يىلتىزى ۋە شاخلىرى، دەۋىرقايلىرى سانائەتنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى.

2) ئۇنىڭ باراقسان شاخ، يوپۇرماقلىرى كۈنىنىڭ ئىسسىقىنى توراپ، كىشىلەرگە سايە بېرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلىتىپ، تاماق پىشۇرۇشى، ئۆيىنى ئىسسىتىشى، مەشئەل قىلىپ يولنى يورۇتۇشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق. ئاپتورنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن «كۆكۈم - تالقان بولۇش» دەرىجىسىگە يەتكەن.

بەشىنچى ئابزاس بىر جۈملە سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى ئابزاستا تەرىپلەنگەن خۇسۇسىيەتلەردىن خۇلاسە چىقىرىلغان. ئاپتور مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

«كىشىلەردىن ئاز نەپ ئېلىش، كىشىلەرگە تولۇق نەپ بېرىش — قارىغاينىڭ خىسلىتىدۇر.»

ئالتىنچى ئابزاستا ئاپتور قارىغاينىڭ خىسلىتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق شەرھلەپ بەرگەن. ئاپتور بۇ يەردە لۇشۈن كالىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولىنى تەرىپلەپ ئېيتقان «يەيدىغىنىم ئوت - چۆپ، بېرىدىغىنىم سۈت، قان» دېگەن باھانىڭ قارىغاينىڭ خىسلىتىنى تەرىپلەشكە تولىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

يەتتىنچى ئابزاستا يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر يەنە

بىر قېتىم يەكۈنلەنگەن.

سەككىزىنچى ئابزاستا ئاپتور قارىغاينىڭ قەيسەر، باتۇر، ھەيۋەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى — ئۇنىڭدىن چىرايلىق، نازۇك، سىپتا كۆرۈنىدىغان سۆگەت، تال، شاپتۇللارغا سېلىشتۇرۇپ، قارىغاينىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خىسلەتلىرىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئۈچىنچى بۆلەك توققۇزىنچى ئابزاستىن ئون ئۈچىنچى ئابزاسقىچە بولۇپ، توققۇزىنچى ئابزاستا ئاپتور سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قارىغاينىڭ «ئاشۇ يۈكسەك خىسلىتىنى ئەسلىگىنىمىزدە، كوممۇنىستىك خىسلەتمۇ تەڭلا يادىمىزغا كېلىدۇ» دېيىش ئارقىلىق پىكرىنىڭ يۆنىلىشىنى يېڭى مەزمۇنغا بۇرىغان.

ئونىنچى، ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ئابزاسلاردا كوممۇنىستىك خىسلەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر مۇ بىر تەرىپلەپ كېلىپ، كوممۇنىستىك خىسلەتكە ئىگە كىشىلەر بىلەن قارىغاينىڭ خىسلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك ئوخشاشلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسەتكەن.

ئونىنچى ئابزاستا كوممۇنىستىك خىسلەتكە تەبىر بېرىپ، «كىشىلەردىن ئاز نەپ ئالىدىغان، كىشىلەرگە تولۇق نەپ بېرىدىغان خىسلەتتۇر»، «خەلق مەنپەئەتى ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەردىن قورقمايدىغان خىسلەتتۇر» دەپ كۆرسىتىپ، ئىككى جۈملە بىلەن ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئون بىرىنچى ئابزاستا كوممۇنىستىك خىسلەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك «قارىغاي

خىسلىتى» نى شەرھلەپ ئۆتكەن، يەنى ھەرقانداق ناچار شارائىت ئاستىدا بولمىسۇن مەردانە ئۆسۈپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ، قىيىنچىلىق ئالدىدا ئەبەدىي باش ئەگمەسلىكى، خۇددى قارىغايغا ئوخشاش يۈكسەك خىسلەتكە ئىگە بولۇش، خەلق نېمىنى ئىشلە دېسە شۇنى ئىشلەش، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆكۈم - تالقان بولۇشتىن، ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن قورقماسلىق لازىم دەپ تەكىتلىگەن.

ئون ئىككىنچى ئابزاستا كوممۇنىستىك خىسلەتكە ئىگە بولغان ئالدىنقى ئەجدادلارنىڭ ئالىيجاناب ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ «قارىغاي خىسلىتى» نى نامايان قىلغانلىقىنى تەرىپلەپ ئۆتكەن. مەسىلەن، ئۇلار ئىنقىلابنىڭ جاپالىق دەۋرىدە، ناچار شارائىت، خەۋپ - خەتەرلەرگە پىسەنت قىلماي، خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچىنى، ھەتتا ئەڭ قىممەتلىك ھاياتىنىمۇ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا تۆھپە قىلغان. ئۇلار قۇربان بولۇش ئالدىدىمۇ ئۆزىنى ئويلىماي، خەلقنىڭ، ۋەتەننىڭ ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغان. «ئۇلار نېمىنى تەلەپ قىلدى؟ ھېچنېمىنى» دەپ، تۆت تەرەپتىن تەرىپلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا «مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قارىغاينىڭ يۈكسەك خىسلىتىنى ئەسلىتىدۇ!» دەپ يەكۈنلىگەن.

ئون ئۈچىنچى ئابزاستا بۈگۈنكى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئىپادىلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتىمۇ «دۆلىتىمىزنىڭ بىرىنچىدىن كەمبەغەل،

ئىككىنچىدىن ئاق قىياپەتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىپ» «خەلقنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشقا ئىگە قىلىش» تىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى يېڭى مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئوخشاشلا «قارىغاي خىسلىتى» نى جارى قىلغانلىقى دەپ يەكۈنلىگەن.

ئون تۆتىنچى ئابزاس دوكلاتنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، ئاپتور بۇ ئابزاستا سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە كوممۇنىستىك خىسلەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن ياشلارنىڭ تىرىشىپ خۇددى قارىغايدەك مۇستەھكەم ئىرادە ۋە يۈكسەك خىسلەتكە ئىگە بولۇشلىرى لازىملىقىنى سەممىي ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

### 3. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قىلىنغان دوكلات بولغاچقا داۋلى سۆزلەپ كىشىلەرنى قايىل قىلىش، ئاخىرىدا تەشەببۇس قىلىنغان تۈپ ئىدىيە كۈچلۈك قىلىپ ئىپادىلىنىشى لازىم ئىدى. دوكلاتچى (ئاپتور) دەل مۇشۇ مەقسەتكە دەل كېلىدىغان جانلىق بەدىئىي شەكىلنى ئۈنۈملۈك قوللانغان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئاپتور دوكلاتنى ناھايىتى قىزىقارلىق باشلاپ،

ئاڭلىغۇچىلارنى دەرھال ئۆز سۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر يېڭى مۇھاكىمە تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دوكلاتچى بىلەن ئاڭلىغۇچى تەڭ مۇھاكىمە قىلىپ، تەڭ نەتىجىگە ئېرىشىدىغان قولايلىق شارائىتنى ياراتقان. مەسىلەن، «بۇلتۇر قىشتا ... يول ئۇستىدە بۇك - باراقسان، - ياپيېشىل، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەغرۇر قارىغايلارنى كۆردۈم» دېگەن بايان دوكلاتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خىل يېڭى، قىزىقارلىق بولغان بىر تېمىدۇر. شۇنىڭدەك ئاتىقىنىڭ دېمەكچى بولغان ئاساسىي ئوي - پىكرىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن ئالاھىدە تېمىدۇر.

دوكلاتنى سۆزنى ئەگىتىپ ۋە نۇرغۇنلىغان ئابستراكت مەزمۇنلارنى ئېيتىپ سۆزلەپ ئولتۇرماي ئاڭلىغۇچىلاردا يېڭى تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان قىلىپ باشلاش بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تېتىك، جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان.

2) دوكلات ئۈچ بۆلەك، ئون تۆت ئابزاستقا بۆلۈنگەن. ئاپتور بىرىنچى بۆلەكتە تېمىنى شەرھلەپ ئۆتۈپ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ تېمىدا سۆزلەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۇرگەن. ئىككىنچى بۆلەكتە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا قارىغاينىڭ خىسلىتىنى بىر - بىرلەپ تەرىپلەپ بېرىپ، ئاڭلىغۇچىلاردا قايىللىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلغان. ئۈچىنچى بۆلەكتە بولسا ئۆزى تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئاساسىي مەسىلىنى، دوكلاتنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرىنى شەرھلەپ بەرگەن. بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن تەبىئىي باغلىنىشقا ئىگە قىلىنغان ھەم پۈتۈن دوكلات

ئورگانىك ھالدىكى بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان.

3) ئەسەرنىڭ تىل قۇرۇلمىسى ناھايىتى پىششىق، چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ئىزچىل جەلپ قىلىپ، قايىل بولۇش ھېسسىياتىغا چۆمدۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆتكۈر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەسىر ۋە تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. دوكلاتتا بىر خىل خۇسۇسىيەت، ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن تەرىپلەنگەن. ئۇ تەرەپتىن قارىغاندىمۇ ئوخشاشلا تولۇق، ئاساسلىق قىلىپ شەرھلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

مەسىلەن، «مەيلى تىك قىيالار ئارىلىقىدا ياكى ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدىغان يەردە بولسۇن ...»، «بۇ ئۇرۇق مەيلى ئاللاھتەن تېرىلغان، مەيلى ئۆزى شۇنداقلا توپىغا چۈشۈپ قالغان ياكى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن بولسۇن ۋە ياكى ئۇچار قۇشلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈپ قالغان بولسۇن...»، «مېنىڭچە: كوممۇنىستنىڭ خىسلەت دېگىنىمىز كىشىلەردىن ئاز نەپ ئالىدىغان، كىشىلەرگە تولۇق نەپ بېرىدىغان خىسلەتتۇر؛ كوممۇنىستنىڭ خىسلەت دېگىنىمىز خەلق مەنپەئەتى ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەردىن قورقمايدىغان خىسلەتتۇر» قاتارلىق جۈملە قۇرۇلمىلىرى ئىنتايىن پىششىق تاۋلانغان بولۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن...

## «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. شائىر ۋە شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە، موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دادىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۆز ئۆيىدە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. كىچىكىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلاپ ئۆگەنگەن ۋە توپلىغان، كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى كېلىپ تاتار مەكتەپتە باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئاندىن رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ ئوقۇغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ رۇس تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ رۇس سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئون بەش يېشىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرى 1937 - يىلدىن باشلاپ «ئىلى گېزىتى» دە داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئۇنىڭ ئىجادىي يۈكسىلىشىگە قىزغىن ياردەم بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «كۈرەش»، «چوڭ كۈرەش قويىنىدا»، «جۇڭگو» قاتارلىق چوڭقۇر

ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە جەڭگىۋار شېئىرلىرى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، ئۇلارنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەشنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغانىدى. ئۇن ئالتە ياشلىق بىر ئۆسمۈرنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇنقەرزلىك خەۋپىنى چۈشىنىپ، كىشىلەرنى كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ چىقالىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1939 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ دەۋر ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تونۇشىنىڭ ئۆسۈشى، ھەر تەرەپلىمە بىلىم ھاسىل قىلىشى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئۆسۈشى ئىنتايىن تېز بولغان بىر دەۋر بولىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1941 - يىلى 6 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە بەلگىلىنىدۇ. ئۇ بۇ جايدا «ئەدەبىيات گۈلزارى» ناملىق ئەدەبىي بەتنى تەشكىل قىلىپ، ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، بەدىئىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتلەردە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئېلان قىلغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرى ۋە جەڭگىۋار فېلىيەتونلىرى، شۇنداقلا «ئازادلىق تويى»، «باتۇر يىللار»، «جۇڭگو قىزى رەيھانىنىڭ مارت شاملىغا بۇيرۇقى»، «ماي كۈرەشچان ئاي»، «ھەسەن-ھۈسەن»، «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن»، «يانار تاغلار» قاتارلىق شېئىرلىرى كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭقۇر

تەسىر قوزغايدۇ. شائىر بۇ يىللاردا يەنە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانائىنەپىسە خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئاكتۇئال بولغان مۇھىم مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «چىمەنگۈل»، «كۈرەش قىزى»، «ساماساق ئاكاڭ قاينايدۇ» ناملىق سەھنە ئەسەر- لىرىنى، «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققى- ياتى»، «سەنئەتكە مۇھەببەت» قاتارلىق ئىلمىي، نەزەر- يىۋى ماقالىلىرىنى يېزىپ، يېڭىدىن راۋاجلىنىۋاتقان ئۇي- غۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشىدۇ.

لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان قەيسەر جەڭچى ئىدى. 1943 - يىلى مىلىتارىست شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىل- ئىنقىلابىي قىياپىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاشكارىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا ئاق تېررورلۇق ئېلىپ باردۇ. يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىلغار كىشىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشىگە قارشى تەتۈر ئېقىم باش كۆتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى، ئاجايىپ تالانتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىغا تونۇلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ پېيىغا

چۈشكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن نازارەت قىلىپ ۋە چەكلەپ، تىز پۈكتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. ئۇنى گېزىت تەھرىرلىكىدىن چەتلەشتۈرۈپ، تىياتىردىكى خىزمىتىدىن بوشاتقان بولسىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئامال تاپالمىغانلىقتىن 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇغا سۈرگۈن قاتارىدا ھەيدەيدۇ.

شائىر ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ ھەم ئۇنىڭدا تەشكىل قىلىغان «جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتىنى جانلاندۇرۇپ، شائىر نىم شېھىت ۋە شائىر بىلال ئەزىزىلەر بىلەن بىللە، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ بۇ مەزگىلدە تېخىمۇ زور غەيرەت - شىجائەتكە كېلىپ، «يىللارغا جاۋاب»، «كەل باھار»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ»، «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ»، «تەسىراتىم»، «سازەندەم»، «خىيالچان تىلەكلەر» قاتارلىق ئىنقىلابىي روھ ئۇرغۇپ تۇرغان ئاجايىپ يالقۇنلۇق لىرىكىلارنى يازىدۇ.

بىراق شائىر ئاز ياشىدى. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە سادالىرى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ۋاقىتتا شائىر بۇ ئىنقىلابقا ماسلىشىپ، مۇنىردىن غوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئىنقىلابىي باشلار بىلەن بىرلىشىپ، گومىنداڭغا قارشى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، خەلقنى قوراللىق ئىنقىلابقا تەشكىللەۋاتقان چېغىدا قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. تالانتلىق

شائىر ۋە جەسۇر ئىنقىلابىي جەڭچى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇۋاقىتتا ئەمدىلا يىگىرمە ئۈچ ياشقا تولغانىدى. شائىر ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا تۈرمىنىڭ تېمىغا مۇنۇ يالقۇنلۇق ئىككى مىسرا شېئىرنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئۆز خەلقى بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دوزاخ
ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قانخور ئەبلەخ.

«پادىشاھ سامۇرايلىرى ئىغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق بۇ فېلىيەتون 1942 - يىلى يېزىلغان، بۇ مەزگىل جۇڭگو كومپارتىيىسى 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى جاپالىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان، جياڭ جيېشى گومىنداڭى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپكە قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ياپون جاھانگىرلىكىگە پاسسىپ قارشى تۇرۇش، كومپارتىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى.

شائىر بۇ فېلىيەتوندا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئۇلۇغ ئوكيان فرونتىغا ئەۋەتكەن ھەربىي پاراخوتىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ۋەھىمىگە چۈشۈپ، مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان ھالىتىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە جانلىق تەسۋىرلەپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى، ئاقىۋەت ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

فېلىيەتوندا ئۇن بەش ياشلىق ئەسكەر بىلەن يەت-

مش ياشلىق بوۋاينىڭ سۆھبىتىنى بايان قىلىش ئارقى-
لىق ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش قارانى-
يىتىدە، مەزلۇم ئەللەرنى قورال كۈچى بىلەن قانلىق
باستۇرغان تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ
بېرىدۇ، ئىككى ئەسكەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ياپونىيە
بايرىقىدىكى بەلگىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشنى مەركەز قىلى-
دۇ. شائىر ياپون ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى ئون بەش ياش-
تىن يەتمىش ياشقىچە بولغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ
باسقۇنچىلىق ئۇرۇشقا بولغان نارازىلىقىنى، ئۇلارنىڭ باي-
راق ھەققىدىكى مۇھاكىمىسىگە سىڭدۈرۈپ، كۈچلۈك ھەج-
ۋىي قىلىش يولى بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ. بايراقتىكى «نۇر
چېچىپ تۇرغان كۈن» نى ياپون فاشىستلىرى ئۆزلىرىگە
سىمۋول قىلىپ، ئۆزلىرىنى پەردازلىغان ساختا نىقابىنى
ھەجۋىي قىلىپ ئېچىپ تاشلايدۇ. چۈنكى يەتمىش ياشلىق ئەس-
كەر شۇ ياشقا كەلگۈچە بۇ بايراقنىڭ «ئۇرۇش ھەم قان
چاچقانلىقىنىلا كۆرگەن»، ئەمما «نۇر چاچقانلىقىنى
كۆرمىگەن». مانا بۇ فاشىستلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدۇر.

سۆھبەتنىڭ كېيىنكى داۋامىدا ياپون ئالۋاستىلىرى-
نىڭ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ ئۇرۇشنىڭ
شەرقىي سېپىنى ئىگىلەپ، ئۇلۇغ ئوكيانغا يۈرۈش قىلغان
رېئال ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بۇ بايانلاردا بۇ يۈرۈش تا-
جاۋۇزچىلىقتا ئۇچرىغان ئەللەر خەلقلىرى تەرىپىدىن ئە-
جەللىك قايتۇرما زەربىگە ئۇچراپ، فاشىستلارنىڭ «مىجى-
قى چىقىپ قۇم بولىدىغانلىقىنى» بايان قىلىش ئارقىلىق
ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش ئۈستىدىكى سولغۇن روھى
ھالىتىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى

ئاقىۋەت ياپون فاشىزمىنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا بولىدىغان-لىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

شائىر بۇ فېلىيەتونىنى يازغان مەزگىلدە ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى كۆچىيىپ، فاشىستىك كۈچلەر غەربىي سەپ ۋە شەرقىي سەپتە ۋاقىتىنچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، تاجا-ۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان ئەللەرنىڭ كۈرەش ۋەزىيىتى قىيىن ھالەتتە تۇرۇۋاتقانىدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىستلىرى ئەمدى جاھانغا خوجا بولىدىغان بولدۇق، دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، خۇددى يوقاتقان ھالدا بارلىق كۈچى بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. شائىر ئىنقىلا-بىي كۈچلەر تازا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان مۇشۇنداق شارا-ئىتتىمۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى، كەلگۈسىنى توغرا مۆلچەر-لەيدۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جەز-مەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشىمۇ غەلى-بە قىلىپ فاشىستلار مەيلى غەربتە، مەيلى شەرقتە بول-سۇن ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولى-دىغانلىقىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋە-تەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

### 2. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

فېلىيەتونلار ناھايىتى ئىخچام يېزىلىدىغان، تۇرمۇشنىڭ-كى نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەر كۈچلۈك ھەجۋىي قىلىنىپ، ئې-چىپ تاشلىنىدىغان، پاش قىلىش خاراكتېرى كۈچلۈك بول-غان ئەدەبىي ژانىر. بۇ فېلىيەتوندا بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر

ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق تاپقان.

1) فېلىيەتوندا ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇۋاتقان ئوبرازى جانلىق ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار يۇقىرى قاتلام فاشىست باشلىقلىرىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇرۇشقا مەجبۇرىي كېتىپ بارغانلىقىنى، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى، ئۆز خەلقى تەرىپىدىنمۇ قوللاشقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز ئاغزى ئارقىلىق بېرىپ، مەركىزىي ئىدىيىنى كۈچلۈك، قايىل قىلارلىق قىلىپ ئېچىپ بەرگەن.

2) «نۇر چېچىپ تۇرغان كۈن» نى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىپ، مۇشۇنداق نىقاب ئىچىگە يوشۇرۇنغان ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى كۈچلۈك كىنايە ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلگەن.

3) ئەسەرنىڭ تىلى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، بىر ئېغىز سۆز، بىر جۈملە گەپكىمۇ نۇرغۇن مەنىلەر سىڭدۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن.

مەسىلەن، «تۈن قاراڭغۇ» دېگەن سۆز قارىماققا پادىشاھ ئەسكەرلىرى كېتىۋاتقان دېڭىزدىكى كېچىنى كۆرسەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ تازا قىيىن پەيتى — فاشىستىك كۈچلەرنىڭ تازا غالجىرلاشقان بىر پەيتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسا، «دېڭىز دولقۇنلۇق ...» دېگەن سۆز ئادالەتلىك ئۇرۇشنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ، «قاراڭغۇ تۈننى» يىمىرىپ تاشلايدىغان قۇدرەت بىلەن دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆرلەۋاتقانلىقىنى مىتانومىيىلىك ئىپادە قىلغان.

«كۆن» بىلەن «داغ»، «نۇر» بىلەن «قان» دېگەن سۆزلەر بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، تاجاۋۇزچى، فاشىستىك كۆچلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى چوڭقۇر ئېچىلغان.

4) مەنزىرە تەسۋىرى قىسقا، ئەمما ئۇ ماھىيەتنى ئېچىشقا تولۇق ماسلاشتۇرۇلغان. باشتا بېرىلگەن «تۈن قاراڭغۇ، دېڭىز دولقۇنلۇق ...» دېگەن بىر جۈملە تەسۋىر بىلەن ئاخىرىدا بېرىلگەن «دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيى يىراقلاردىن دولقۇنلاپ كېلىپ، قەھرى بىلەن پاراخوتنى ئۇراتتى» دېگەن جۈملە ۋەقە پەيدا بولغان تەبىئىي شارائىتنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇرۇش شارائىتىنى، ئۇرۇش تەقدىرىنىڭ ئادالەتپەرۋەر ئەللەرگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى، ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ دولقۇنلىرى قەھرى بىلەن ئۆرلەپ، فاشىستلارنى بېسىپ چۈشۈپ، تۇنجۇقتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

## «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ل، مۇتەللىپ بۇ فېلىيەتوننى 1942 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يازغان. بۇ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلى بولۇپ، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى كەينى - كەينىدىن تار - مار بولۇشقا قاراپ يۈز تۇتقان ۋاقىت ئىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى چېكىنىش ۋە مۇداپىئەلىنىشتىن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن بېسىۋالغان كۆپ يەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان، شۇنداقلا ئىتتىپاقچىلار ئارمىيىسى 2 - فرونت ئېچىپ، غەربتىكى ئىتالىيە ۋە نېمىس قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىۋاتقان، نەتىجىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئىتتىپاقچىلار ئارمىيىسىنىڭ دۈشمەنگە بەرگەن زەربىسى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان ۋاقىت ئىدى.

ئاپتور بۇ فېلىيەتوندا شۇ چاغدىكى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا كۆزىتىپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئىتالىيە ۋە گېرمانىيە فاشىزمىنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇۋاتقان تارىخىي تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

### 2. ئەسەر ھەققىدە تەھلىل

شائىر بۇ فېلىيەتوندا مۇسسولىنى بىلەن گىتلېرنىڭ

سۆھبەتى، ئىتالىيە گېنېراللىرىنىڭ سۆھبەتى، مۇسسولىنىنىڭ
چۈشىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق
جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشتۈر-
گىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ،
فاشىزمنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغان تەقدىرىنى ئېچىپ
بېرىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاش-
تۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

فېلىيەتوننى بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىمىز.

ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە مۇسسولىنى بىلەن
گىتلېرنىڭ سۆھبىتى بايان قىلىنىدۇ. يەنى مۇسسولىنى ئىت-
تىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن
كۆز يېشى قىلىپ، گىتلېردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بو-
لىدۇ. مۇسسولىنىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى
گىتلېر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇسسولىنىنى ئۆز مەقسىتى-
گە تېخىمۇ كۆپرەك بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىر-
لايدۇ. شۇڭا گىتلېر مۇسسولىنىغا خەيرىخاھلىق قىلىش نى-
قابى ئاستىدا «دۈپدۈگىلەك پور، سېمىز مۇسسولىنىم، يىغ-
لىما، نېمە قورقۇسەن؟» دەپ ئۇنى بەزلەيدۇ. بىراق
گىتلېرنىڭ ئەسلى مەقسىتى مۇسسولىنىغا ياردەم بېرىپ،
ئۇنى يۆلەپ، ئۆزىگە كۈچلۈك رىقابەتچى قىلىۋالماقچى
ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى
ئۆزىگە تېخىمۇ بېقىندى قىلىپ، ئىتالىيىنى «تىنچلىق
قولى» بىلەن چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، دۇنياغا خوجا بو-
لۇش قارا نىيىتىنى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇسسولىنىنىڭ ئىتالىيىگە ئوت كېتىشىدىن
قورقىدىغان ۋايساشلىرىنى ئاڭلىغاندا ھېچقانداق تەپ تارت-

ماستىنلا، ئىتالىيىنى ــ ئۆتۈككە ئوخشاش ئارالنى «مەن كىيىۋالىمەن تامام» دەپ، مەقسىتىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولۇپ، سۆھبەت مۇنازىرىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى فاشىستلارچە تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزگۈچىلەر بولۇپ ئۆزىنى قوغداپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان تالاشقۇچىلاردىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا مۇسسولىن گىتلېرنىڭ ئىتالىيىنى «كىيىۋېلىشىغا» قوشۇلمايدۇ، گىتلېرمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتىدۇ. مانا بۇ ماھىيەتتە جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشىدۇر. شۇڭلاشقا باشتا سىلىقسىپايە، زارلىنىش، كۆز يېشى قىلىش، خەيرخاھلىق بىلەن باشلانغان سۆھبەت مەنپەئەت ئۈستىگە كەلگەندە تالاش - تارتىش، ھەتتا ئۇرۇشۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلىنىشىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە مۇسسولىن گېنېراللىرىنىڭ سۆھبىتى بايان قىلىنىدۇ. سۆھبەت جەريانىدىن بىز مۇنداق ئۈچ خىل خاھىشنىڭ پاش بولغانلىقىنى يەنى 1. جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى، 2. خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ كۈنساناپ ئۆلغىيىۋاتقان كۈرەش غەلىبىسىنى، جاھانگىرلىك كۈچلىرىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، 3. چوڭ - كىچىك فاشىستلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرۈۋالايمىز.

«— دافنوسىنىڭ گرېتسىيە ھەققىدە مەلۇماتىڭ قانداق؟
— يامان ئەمەس، مېنىڭ دادامنى گرېكلار ئافىنا
غارىدىن دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن!»
دېمەك بۇ دىئالوگدىن بىز ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ
تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا ئۇزۇن ۋاقىت-
لار بولغانلىقىنى، دافنونىڭ دادىسىنىڭ گرېك خەلقى تە-
رىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ تاشلانغانلىقى ۋە كېيىن دافنونىڭ
ئۆزىمۇ گرېكلار تەرىپىدىن دەككىسىنى يەپ، ئەبجىقى چىق-
قانلىقىنى، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى
مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋا-
لالايمىز. گېنېراللارنىڭ سۆھبىتىدىن بىز ئۇلارنىڭ گرېت-
سىيىدىلا ئەمەس، بەلكى يۇگوسلاۋىيە، رومىنىيە، ئالبانىيە،
جەنۇبىي ئافرىقا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق جايلارنىڭ
ھەممىسىدە خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى
ئالدىدا تار-مار بولۇپ دەككىسىنى يېگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.
ئۇلار سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ئىتالىيە دەككىلا
يەپ قالماي، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەقدىرىمۇ خە-
تەرلىك بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. ئۇلار
ئىتالىيىنىڭ گىتلېر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىدىغانلىقىنى، ئۆ-
تۈكنى قۇرۇق كىيىشكە بولمىغانلىقتىن ئۇلارنى گىتلېر
پۇتىغا پايتىما قىلىپ يۆگەپ كىيمىسە بولمايدىغانلىقىنى
بىلىدۇ. ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىكىنى، ئەركىنلىكىنى قوغ-
دىغۇچى ئىتالىيە خەلقى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا يول
قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گىتلېر فاشىستىك ھۆكۈمرانلى-
قىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش،
ۋەتەن خائىنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىتالىيە خەلقىنىڭ قار-

شىلىقىنى باستۇرۇش كېرەك. مانا بۇ ئىتالىيە گېنېراللىرىنىڭ «پايتىما» بولىدىغانلىقىنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنىشىدۇر. ئۇلار بۇ يولدا ماڭسا خەلق تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ، بۇ يولدا ماڭمىسا گىتلېر ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يول بىرلا يەنى ئۆزىنى غالجىر ئىتتەك ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، جان تالىشىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشتىن ئىبارەت.

فېلىيەتوننىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە مۇسسولىنىنىڭ چۈشى بايان قىلىنىدۇ.

مۇسسولىنىنىڭ چۈشىنى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى فاشىزم كۈچلىرىنىڭ تارىخ تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇقەررەر تەقدىرى دېيىشكە بولىدۇ. دۇنيادا تەڭداشسىز ئىنقىلابىي كۈچ — خەلق ئاممىسىنىڭ قوراللىق ئىنقىلابى بولۇپ، ئۇ بارلىق ئەكسىيەتچىلەرگە مانا شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىدۇ. بۇ ھۆكۈمنى ئىككىنچى بىر غەيرىي كۈچنىڭ بۇزۇپ تاشلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى دۇنيانى ياراتقان، ئۇنىڭ تارىخىنى ئىلگىرى سۈرگەن خەلق ئىنقىلابىي كۈچى دۇنيادىكى بىردىنبىر قۇدرەتلىك كۈچ. شۇنىڭ ئۈچۈن گىتلېر بىلەن مۇسسولىن فاشىزمى ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي كۈچنىڭ بېسىمى ئاستىدا شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

گىتلېر:

«ھۆكۈمرانلىق ھارۋىمىز پاتقاققا پاتتى،

بىر چاقى شەرقتە، يەنە بىر چاقى غەربتە ...» دېسە،

مۇسسولىن:

«پېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئوقمۇ سۇندى ...» دەپ

جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ 1939 - يىلى پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش شوئارىنى ۋارقىراپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىققان گىتلېر ۋەكىللىكىدىكى فاشىستىك كۈچلەرنىڭ تارىخىي تەقدىرىدۇر. ئومۇمەن شائىر بۇ فېلىيەتونىدا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى توغرا كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئادالەتلىك ئۇرۇشنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، فاشىستىك ئۇرۇشنىڭ قۇتۇلۇپ بولمايدىغان ھالاكەت تەقدىرىنى ئالدىن - ئالا مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرسىتىپ بېرەلىگەن.

### 3. فېلىيەتوننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) شائىر فېلىيەتونىدا كۈچلۈك يۇمۇرىستىك تىل بىلەن ئوبراز يارىتىپ، فاشىستىك كۈچلەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۈلكىلىك قىياپەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ، ئۇلارنىڭ زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىق بىلەن تولغان ئىچكى - تاشقى دۇنياسىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا بۇ فېلىيەتوننى ئوقۇغىنىمىزدا «سېمىز قورسىقىدا توختىماي قالغان ئىشتىنىنى كۆتۈرگەن» گىتلېرنىڭ قۇچىقىدا «ئەركىلەپ ئۆكسۈپ» يىغلىغان، «مەن يىغلىماي كىم - يىغلىسۇن» دەپ يېلىنىپ يالۋۇرغان ياۋۇز مۇسسولىنىنى، «دۇپىدۇگىلەك پور، سېمىز مۇسسولىنىم، يىغلىما ...» «ھۆكۈمرانلىق ھارۋىمىز پاتقاققا پاتتى، بىر چاقى غەربتە، بىر چاقى شەرقتە» دەپ ئەجەل ئالدىدا ھودۇقۇپ، ئۆزىنى يوقاتقان، غالجىرلاشقان گىتلېرنى كۆرگەندەك بولىمىز. شائىر بۇ خىل ساتىرىك تىل ۋە

ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق فاشىستلارنىڭ «ئەجەل ئالدىدىكى ھودۇقۇشى» نى ئىنتايىن جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

2) فېلىيەتوندا ئىشلىتىلگەن جۈملىلەر قىسقا، تىل يېڭى ۋە ئۆز ئورنىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ مەركەزدى ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان. مەسىلەن، «ھۆكۈمرانلىق ھارۋىمىز پاتقاققا پاتتى، بىر چاقى شەرقتە، بىر چاقى غەربتە، ...»، «پېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئوقمۇ سۇندى» دېگەن جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي ۋە قىسقا بولسىمۇ لېكىن ئوبرازلىق، چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، فاشىستلارنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشتىن ئىبارەت قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىرىنى روشەن ئېچىپ بەرگەن. ئومۇمەن، فېلىيەتون مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يۈكسەك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلگەن.

# «بورانقۇش قوشىقى» توغرىسىدا تەھلىل

## 1. ئاپتور ۋە ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئالكسىي ماكسىموۋىچ گوركىي 1868 - يىلى نېژنىي
نوۋىيگورد (ھازىرقى گوركىي) شەھرىدە ياغاچچى ئائىلـ
سىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئالكسىي
ماكسىموۋىچ پېشكوۋ بولۇپ، «گوركىي» ئۇنىڭ ئەدەبىي
تەخەللۇسى. گوركىي ئاتا - ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپ
بوۋىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ. ئۇن بىر ياشقا كەلگەندە
بوۋىسىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولغاچقا، ئۆز كۈنىنى ئۆزكۈچىگە
تايىنىپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇ بالا
ئىشچى، شاگىرت ئىشچى ۋە پورت ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.
كونا جەمئىيەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى بېشىدىن
ئۆتكۈزۈپ، تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى ئاممىنىڭ جاپالىق
تۇرمۇشى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشىدۇ. چار پادىشاھ ھاكىمـ
يىتىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ مۇستەبىتلىكلىكىنى، چىرىكلىـ
كىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ باللىق، ياشلىق دەۋـ
رىدىكى بۇ سەرگۈزەشتىلىرى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك
تىرللوگىيىسى «باللىق دەۋر»، «كىشىلەر ئىشىكىدە»، «مېنىڭ
دارىلفۇنۇنلىرىم» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىشقا
ئاساس بولغان.

1905 - يىلدىن باشلاپ روسسىيە پرولېتارىياتى بولشېـ

ۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە رەھبەرلىكىنى قوبۇل
قىلىپ، چار پادىشاھ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنـ
قىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىدۇ. 1905 - يىلى ئويغىنىۋاتـ
قان روسسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى يۇ-
قىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن روسسىيىنى قاپلىغان
بىرىنچى قېتىملىق زور ئىنقىلاب بورىنى يېتىپ كېلىدۇ.
گوركىي بۇ ئىنقىلابقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، شۇ يىلى پارتىـ
يىگە كىرىدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ
پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ.

گوركىي 1907 - يىلى روسسىيە سوتسىيال — دېموكراـ
تىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ
لېنىن بىلەن تونۇشىدۇ. شۇندىن باشلاپ لېنىننىڭ سەپدىـ
شى ۋە شاگىرتى بولۇپ قالىدۇ. گوركىي دەسلەپ رومانتىك
يازغۇچى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كېلىدۇ.
ئۇ بۇ دەۋرلەردە «ئىزەرگىل موماي»، «لاچىن قوشىقى»
(1895) قاتارلىق رومانتىزملىق ئەسەرلەرنى يازىدۇ. ئۇنىڭـ
دىن كېيىن ئۇ رېئالىست روھ ئۇرغۇپ تۇرغان «ماكارـ
چودرا»، «چېلكاش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەمگەكـ
چى خەلقنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تولۇپ - تاشقان نارا-
زىلىقىنى، بۇرژۇئا مىشچانلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ. 1901 - يىلى گوركىي پېتربۇرگ ئىشچىلىرىنىڭ
نامايىشىغا قاتناشقاندىن كېيىن رومانتىزملىق روھ تولۇپ-
تاشقان ئەسىرى «بورانقۇش قوشىقى» نى ئېلان قىلىپ،
كەڭ خەلق ئاممىسىنى كونا تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىرىدۇ.

گوركىي ئۇنىڭدىن باشقا، «فوما گوردېيېۋ»، «ماتۋى

كوزۋىنىنىڭ ھاياتى»، «ئارتامانوۋلارنىڭ ئىشى» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى بارغانسېرى خانىۋەيران قىلغان جىنايەتلىرىنى كۈچلۈك ئېچىپ بەرگەن.

گوركىينىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكە ئىگە ئەسىرى «ئانا» رومانى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچى پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارىتا ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن باھا بېرىپ، كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ - يېتىلگەن پرولېتا-رىياتنىڭ ئاڭلىق ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلى-كىنى يۈكسەك مېھرى - مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلىگەن، ئۇنىڭدىن باشقا گوركىي يەنە نۇرغۇنلىغان رومان، پوۋېست، ھېكايە، دراما، فوبلىستىك ماقالە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ۋە سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئىجادىيەت مېتو-دىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان، ئۇنىڭغا ئا-ساس سالغان پرولېتارىياتنىڭ تۇنجى مۇنەۋۋەر يازغۇچىسىدۇر.

«بورانقۇش قوشىقى» 1901 - يىلى «تۇرمۇش» ژۇرنى-لىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ۋاقىت ئويغىنىۋاتقان روسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز را-ۋاجلىنىپ، پۈتۈن روسىيىنى قاپلىغان 1905 - يىلدىكى زور ئىنقىلابنىڭ بورىنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. لېنىن بۇ ئىنقىلابنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تار-قاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ماركسىزمچى گۇرۇپپىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «ئىشچىلار ئازادلىق ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ، «چار پادىشاھلىق تۈزۈمنى يوقىتايلى» دېگەن جەڭگىۋار

شوئارىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنقىلابىي تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇۋەتكەنىدى.

«بورانقۇش قوشىقى» مانا شۇنداق ۋەزىيەتتە ئېلان قىلىنغاچقا جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەسىر قوزغايدۇ.

لېنىن بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە ۋە جەڭگىۋار نۇتۇقلىرىدا «بورانقۇش قوشىقى» دىكى ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ: «توخۇ يۈرەك ئاساسىي قانۇن تەسىس قىلغۇچى دېموكراتىك پارتىيىلىك لەر، بۇ ئەخمەق پىنگۋىنلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى بىزنى بىزار قىلىۋەتتى، ئۇلار قىيا تاشلار باغرىغا تۈگۈلۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ سېمىز گەۋدىسىنى يوشۇرۇپ ياتماقتا» دېگەن مەزمۇندىكى پىكىرلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ 1906 - يىلى يازغان «بوران ئالدىدا» دېگەن ماقالىسىدە بورانقۇش نىڭ بورانغا بولغان ئىنتىزارلىقىنى تەمسىل قىلىپ، ماقالىنى «قويۇپ بەر يەنىمۇ قاتتىقراق گۈركىرىسۇن بوران!» دېگەن جۈملە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

يازغۇچى بۇ نەسرىي شېئىرىدا يۈكسەك رومانتىزملىق روھ بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆرلەپ تاشقىنداپ تۇرغان غەزەپ - نەپرەت ۋە كۈرەش قىلىش روھىغا ئىلھام بېرىپ، كۈرەشنى ئۇلغايتىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى، دېگەن خاھىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 2. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

يازغۇچى بۇ ئەسەردە «بوران»، «بورانقۇشى» قاتارلىق سىمۋوللۇق ئوبرازلارنى يارىتىپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابى

نىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەيۋەتلىك ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۈتۈۋېلىشقا چاقىرىدۇ.

شېئىردا دېڭىز ساھىلىدا ياشايدىغان ھەر خىل قۇشلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ سىمۋوللاشتۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ئالاھىدە مەنە سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابقا تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلىرىنى چەۋەرلىك بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەسەردە بوران ئىنقىلابقا، دېڭىز ۋە ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ قەھرىمانلىق كۈرەش ئەمەلىيىتىگە، بورانقۇشى چار پادىشاھ تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە، قارا بۇلۇت ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا، ئۇۋ قۇشلىرى، بېلىق ئالغۇچ، ئەخمەق پىنگۋىن قاتارلىقلار ئىنقىلاب بورىنىدىن قورقۇپ ئالاقزادىلىككە چۈشكەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ھەر خىل گۇرۇھلىرىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئەسەردە مەركەزلىك ھالدا بورانقۇشىنىڭ پائالىيىتى تەسۋىرلىنىدۇ. بورانقۇشىنىڭ بوران - چاپقۇن يېتىپ كېلىش ئالدىدا دېڭىزدىكى ئۇچۇش ھەرىكەتلىرى، ھەيۋەتلىك بوران يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇلۇتلار باغرىنى چاقماقتەك يېرىپ ئۆتۈپ، گاھ يۇقىرى ئۆرلەپ، گاھ دېڭىز يۈزىگە تۆۋەنلەپ، شىددەت بىلەن پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقى، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر روھى ئەسەردە باشتىن - ئاياغ كۈچلۈك روھىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، بورانقۇش-

نىڭ جەسۇرانە ئوبرازى كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا ئالا-
ھىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.
بورانقۇشى «گاھىدا دولقۇنلارغا قانات ئۇرۇپ، گاھىدا
ئاقۇش بۇلۇتلارنىڭ باغرىغا كىرىدۇ»، «غەزەپ - شىددى-
تىنى، ئىنتىلىش يالقۇنىنى ۋە غەلىبە ئىشەنچىنى شۇ قىچقى-
رىشتىن تىڭشايدۇ بۇلۇتلار»، بۇلۇتلار دېڭىز يۈزىنى قاپ-
لاپ، بوراننىڭ زەربىسى بىلەن كۆككە ئۆرلەيدۇ. چاقماق
شىددەت بىلەن چاقىدۇ. دېڭىز ھەيۋەتلىك دولقۇنلايدۇ.
غەزەپ تولۇپ - تاشىدۇ. تېخىمۇ شىددەتلىك بوران -
چاپقۇن يېقىنلاپ كېلىدۇ. بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە بوران-
قۇشنىڭ ھېچ تەمتىرىمەي، تېخىمۇ جەسۇرانە قىياپەت بى-
لەن قانات قېقىپ، چاقماق يالقۇنىدەك بۇلۇتلار باغرىنى
يېرىپ ئۆتكەنلىكىنى، دولقۇنلارغا باغرىنى يېقىپ، قارا
قويۇنلارغا ھەيۋەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى
ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بورانقۇشنىڭ
قەھرىمانە ئوبرازى كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كۈچلۈك
زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ، كىتابخانىدا ئۇنىڭ جاسارىتىگە
قارىتا ھۆرمەت، ئىشەنچ ئۇرغۇپ تاشىدۇ. ئاپتور دېڭىز
ئۈستىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسى بورانقۇشنىڭ مۇشەققەت-
لىك شارائىت ئىچىدىكى كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلى-
دىغان جاسارىتىنى، كۆرەشنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىنتى-
لىشىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «بوران! پات ئارىدا
گۈركىرەيدۇ بوران! ... بۇ گۈركىرىگۈچى بوران دېڭىز
ئۈستىدىكى چاقماقلار ئارىسىدا مەغرۇر ئۇچۇۋاتقان تېتىك
بورانقۇشى، ئۇ غەلىبە خەۋەرچىسى ۋارقىرايدۇ: قويۇپ بەر
يەنىمۇ قاتتىقراق گۈركىرىسۇن بوران! ...» دەپ چاقىرىق

قىلىپ، پۈتۈن رۇسىيىدە ئىنقىلاب دولقۇنى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا بولغان زور ئىشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يازغۇچى ئەسەردە يەنە بېلىق ئالغۇچ، ئۇۋ قۇشى، ئەخمەق پىڭگۋىنلارنىڭ بوران يېتىپ كېلىش ئالدىدا قورقۇپ ھولۇقۇشلىرى ۋە ساراسىمىگە چۈشكەن ھالەتلىرىنى قىلىقلاندۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق رۇس بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىنقىلاب ئالدىدىكى لىڭشىپ تۇرغان پاسسىپ پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بورانقۇشى ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى سەلبىي تىپلارنىڭ ئىككى خىل ھەرىكەت پائالىيىتى، ئىككى خىل ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئورنىنى سىمۋوللۇق ئىپادىلەپ، پرولېتارىياتنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئىنقىلاب بورىنىنىڭ پۈتۈن رۇسىيىنى قاپلاپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى تىتىرىتىپ تاشلايدىغان مىسلىسىز كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق ۋە قىزغىن رومانتىك روھ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

### ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) ئاپتور ئەسەردە سىمۋوللۇق ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى بىلەن رومانتىزملىق روھنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلاب بورىنىنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن.

2) ئاپتور ستىلىستىك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئەسەر تىلىنى تېخىمۇ جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ،

تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي ھېس تۇيغۇسىنى پېرسوناژلارنىڭ ئوخشىمىغان ھەرىكەت، كەيپىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن، مۇھەببەت - نەپرەت، غەزەپ ۋە ئىرادە كۈچى ئۇقچۇپ تۇرغان ئالاھىدە ئوبرازلارنى يارىتىپ، كىتابخانىنى كۈچلۈك جەلپ قىلىش، قايىل قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، مېتافورا، مېتانومىيە، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ستىلىستىك ۋاستىلەر ئەسەردە كەڭ - كۈشادە قوللىنىلغان، بولۇپمۇ سىمۋول بىلەن جانلاندۇرۇش باشتىن - ئاياغ ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان. شامالنىڭ بۇلۇتلارنى يىغىشى، بۇلۇتلارنىڭ بوران قۇشىنىڭ ئاۋازىنى تىڭشىشى، دولقۇنلارنىڭ گۈلدۈرمامىنى ئالقىشلىشى، قۇشلارنىڭ ئادەمگە ئوخشاش قىلىقلاندۇرۇلۇشى ئەسەر تىلىنى ناھايىتى جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ، تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتلارنىڭ ھەرىكىتى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىدەك ئېنىق ۋە ئۈنۈملۈك تەسىر بېرىش رولىنى ئوينىغان.

## «مەجلىسۋازلار» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئاپتور ۋە شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ماياكوۋسكىي رۇس يېڭى زامان شېئىرىيىتىدە ئەرگىن شېئىرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە دەۋر بۆلگۈچ ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر شائىر.

ماياكوۋسكىي 1893 ـ يىلى گروزىيىنىڭ كوتايىس (ھازىرقى ماياكوۋسكىي) شەھىرى يېنىدىكى بىر يېزىدا ئورمان قاراۋۇلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ماياكوۋسكىي كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى زېرەك بالا بولغىنى ئۈچۈن يېشىغا يەتمەيلا مەكتەپكە كىرىپ باشلانغۇچ مەلۇمات ئېلىپ، 1902 ـ يىلى كوتايىس شەھىرىگە كېلىپ گىمنازىيىگە (ئوتتۇرا مەكتەپكە) كىرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتمۇ ئىجتىھات بىلەن ئەلا ئوقۇيدۇ ۋە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ساياھەتچىلەر ھەققىدە يېزىلغان فانتازىيىلىك، رومانتىك رومانلارنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، 1905 ـ يىلدىكى بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ تەسىرىدە ستالىن يېتەكچىلىكىدىكى كوتايىس ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. ماياكوۋسكىينىڭ ياشلىق دەۋرى پۈتۈن روسىيىنى قاپلىغان ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلگەن دەۋرىگە توغرا كەلگىنى ئۈچۈن، ئۇ كۈرەش جەريانىدا ئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيدۇ ۋە تەشۋىق قىلىدۇ، ئۆزىمۇ

ماركسىستىك گۇرۇپپىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. 1906 - يىلى ماياكوۋسكىي ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ھەدىسىنىڭ قېشىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ماياكوۋسكىينىڭ ئائىلىسى تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىدىن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ كۆپ قىسمىنى ئىجارىگە بېرىش بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆينى ئىجارىگە ئالغۇچىلار ستۇدېنتلار، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بولغاچقا، ماياكوۋسكىي ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ، ئىنقىلابىي ئاڭ - سەۋىيىسى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ 1907 - يىلدىن باشلاپ ئوقۇشتىن ئايرىلىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، 1908 - يىلى ئون بەش يېشىدا روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ ۋە مەخپىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. 1908 - يىلدىن 1910 - يىلىغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم قولغا ئېلىنىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتسا، بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي روھ ئۇرغۇپ تۇرغان شېئىرلارنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1911 - يىلى ھەيكەلتاراشلىق - بىناكارلىق ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ماياكوۋسكىي ئىجادىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئۇلۇغ يازغۇچى گوركىينىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ. بالىلىق دەۋرىدىلا گوركىينىڭ رومانتىزملىق روھ بىلەن تولغان ئەسەرلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇغان ماياكوۋسكىي گوركىي

بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىپ پىكىرلىرىنى ئېلىپ تۇرىدۇ. ماياكوۋىسكىينىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ئاساسەن 1913 - يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن، كاپىتالىزمنىڭ رەزىل - ئەپتىنى بەشىرىسىنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، چىرىك كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدىغان پرولېتارىياتنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى تولۇپ - تاشقان ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قىزغىن گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ بۇ مەزگىلدە «سورىيەگە مەدھىيە»، «ئالىمغا مەدھىيە»، «مەن ۋە ناپالېئون»، «تىلدا تۇرغان سىزلەرگە» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى، «ئىشتانلىق بۇلۇتلار»، «ئۇرۇش ھەم تىنچلىق»، «ئادەم» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ، زۇلمەتلىك كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يېڭى دەۋر ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن پارلاق سەھىپە ئاچىدۇ. ئۇ بۇ دەۋردە «بىزنىڭ مارش»، «سولغا مارش»، «دىن كومېدىيىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى، «بار ئاۋازىم بىلەن»، «ياخشى» قاتارلىق داستانلىرىنى يېزىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ جاھانشۇمۇل غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىدۇ. لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنى، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي جاسارىتىنى مەدھىيىلەيدۇ. ماياكوۋىسكىي لېنىن ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇزۇن

مەزگىل تەييارلىق قىلىپ مەشھۇر «ۋ. ئى. لېنىن» داستانىنى يېزىپ، ئۇلۇغ داھى لېنىننىڭ ئوبرازىنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ، پارتىيە بىلەن داھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماركسىزمچە نۇقتىئىنەزەر بويىچە توغرا يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ماياكوۋىسكىينىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان كۈنلەردىكى ئەڭ كۈچ چىقىرىپ ئىشلىگەن ئىشى «روستا دېرىزىلىرى» تەشۋىقاتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. «روستا دېرىزىلىرى» رەسىم بىلەن شېئىر بىرلەشتۈرۈلگەن تام گېزىت شەكلىدىكى بىر خىل ئالاھىدە تەشۋىقات ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىلغار، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەتراپىغا توپلاپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، ئاق گۋاردىيىچىلەر ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ئىدى. ماياكوۋىسكىي بۇ ئورۇندا ئىككى يېرىم يىل ئىشلەپ، ساتىرىك رەسىم بىلەن شېئىرىي چۈشەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە روستا دېرىزىلىرىگە ئون ئالتە مىڭ پارچىدىن ئوشۇق ھەجۋىي رەسىم سىزىلىپ، ئۇنىڭ ئوندىن توققۇز قىسمىغا ماياكوۋىسكىي ئۆزى شېئىرىي چۈشەندۈرمىلەرنى يازىدۇ. بۇ پائالىيەت سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەڭ قىيىن شارائىتتا تۇرغان مەزگىلدە كىشىلەر ئارىسىدا زور قىزىقىش قوزغاپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوللاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ماياكوۋىسكىي 1930 - يىلى 4 - ئايدا ئوتتۇز يەتتە يېشىدا ۋاپات بولدى. شائىرنىڭ «مەجلىسۋازلار» دېگەن ساتىرىك شېئىرى 1921 - يىلى يېزىلغان. بۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى

قورۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت بولۇپ، سوۋېت خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە جاپالىق، ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئۇرۇش جەريانىدا ۋەيران بولغان خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى جانلاندۇرۇپ، قايتا قۇرۇش ئىشلىرى بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىۋاتقان ئىدى.

يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئالدىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتەك يېڭى جەڭگىۋار ۋەزىپىلەر تۇراتتى. بۇ خىل ئەھۋال ھەر قانداق رەھبىرىي خادىم ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىن ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك ئىشلەشنى، قۇرۇق شوئارۋازلىق ھەرىكەتنى تۈگىتىپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى ئىجادىي بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلاتتى.

بىراق كاپىتالىستىك تۈزۈم يېڭىدىن ئاغدۇرۇلغاچقا، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قالدۇق تەسىرلىرى جەمئىيەتتە يەنىلا كۈچلۈك تەسىرىنى ساقلاپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيە رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى كادىرلاردىمۇ ئاممىدىن، ئەمەلىيەتتىن ئاجراپ قېلىش، سۇبيېكتىپىزملىق، تۆرىچىلىك، مەجلىسۋازلىق خاھىشلىرى ئېغىر ھالدا ساقلانغانىدى.

شائىر شېئىرىدا مۇشۇنداق بىر ئەھۋالنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا پارتىيە رەھبەرلىك ئورگانلىرىدا ۋە

ئۇلارنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئېغىر ھالدىكى تۆرىچىلىك، مەجلىسۋازلىق، سۇبيېكتىۋىزملىق خاھىشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنى ئامما ئىچىگە بېرىشقا، خىزمەتلەرنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىشنى جىددىي كۈتۈپ تۇرغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا چاقىرىدۇ.

بۇ شېئىر ئېلان قىلىنىش بىلەن جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر شائىرنى پارتىيە رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا ۋە رەھبىرىي خادىملارغا ھۇجۇم قىلدى، دەپ نارازى بولىدۇ ۋە قارشى چىقىدۇ. لېكىن بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا شائىرنىڭ مەيدانى ۋە ئىلگىرى سۈرگەن خاھىشنى ماختاپ: «شېئىرنىڭ ئەدەبىي تەرىپىنى بىلمەيمەن، ئەمماسىياسىي تەرەپتە ئۆزۈم كېيىل» دەپ تەستىق يازىدۇ.

## 2. شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

شائىر شېئىرىدا ئەتىدىن - كەچكىچە ئەمەلىي ئىش ئىشلىمەي، ئىدارىدىن چىقماي مەجلىس ئاچىدىغان، لېكىن ھېچقانداق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلمايدىغان، خەلقتىن، ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان پارتىيە رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىدا ساقلانغان ئېغىر ھالدىكى تۆرىچىلىكنى، سۇبيېكتىۋىزملىقنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى بىمەنە ھەرىكەتلىرىنى دەرھال توختىتىپ، ئەمەلىي ئىش ئىشلەشكە چاقىرغان.

شېئىر باشتىن ـ ئاخىر كۈچلۈك مەسخىرە، ھەجۋىي بىلەن سۇغۇرۇلغان.

شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە شۇ ۋاقىتتا ئادەتلىنىپ كەتكەن ناچار خىزمەت ئادەتلىرىنى تىپىكلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ. بۇ بۆلەك باشتىن تارتىپ «ئائۇدىنسىيە ئالاي دېگەن نىيەتتە» دېگەن يەرگىچە بولۇپ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا خىزمەتكە بارغان خىزمەتچىلەرنىڭ سان ـ ساناقسىز ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلماي، ئىدارىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، مەجلىس ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، بىراق، خىزمەتتىكى زىددىيەتلەر ھەل قىلىنماي دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىدارىگە كىرىشى بىلەن خىزمەتچى
يامغۇر ئوخشاش قەغەز ئىشلار ياغىدۇ.
تاللىۋېلىپ ئەللىكچىنى —
مۇھەممىدىن،
خىزمەتچىلەر مەجلىس ئۈچۈن ماڭىدۇ.

مانا بۇ شۇ ۋاقىتتا بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان تۆرىچىلىك خىزمەت ئۇسلۇبىنىڭ تىپىك تەسۋىرى بولۇپ، شائىر بۇنداق تەسۋىرلەر ئارقىلىق مەسئۇل باشلىقلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئاخىرى تۈگىمەس مەجلىسۋازلىق، قەغەزۋازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ھەل قىلىشنى جىددىي كۈتۈپ تۇرغان زىددىيەتلەرنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ھەل قىلمىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى «يولداش ئىۋان ئىۋانىچ»

دىگەن يەردىن «ئا. پ. ۋ. د. گ كومدا» دىگەن يەرگىـ
چە بولۇپ، شائىر بۇ بۆلەكتە ئاشۇ خىل تۆرىچىلىكنىڭ
تىپىك ۋەكىلى بولغان ئىۋان ئىۋانىچنىڭ خىزمەت ئىسـ
تىلى توغرىسىدا كونكرېت توختىلىپ، ئۇنىڭ تۆرىچىلىك،
مەجلىسۋازلىقتا قانچىلىك دەرىجىدە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى
ئېچىپ بېرىدۇ.

يولداش ئىۋان ئىۋانىچ
يەنەكەتتى مەجلىسكە.
... ... ... ... ... ...
بىر سائەتتىن كېيىن كەلسۇن دېۋىدى
ئۆزى هازىر مەجلىستە.
(كېچىكمەستىن كەلمەكچى.)
ۋىلايەتلىك كوپىراتىپ
سىيا قۇتا ئالماقچى.

دېمەك ئىۋان ئىۋانىچ قارىماققا «سىيا قۇتا ئېلىش» مەسىلىسىگىمۇ شۇنچىلىك ئېهتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇچىغا چىققان مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن هەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، خەلقنىڭ خىزمىتىنى ئېغىرهالدا ئاقسىتىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىۋان ئىۋانىچ بىر - بىردىگە ئۇلاشتۇرۇپ ئۇزلۇكسىز مەجلىس ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، هېچقانداق بىر ئەمەلىي ئىشنى هەل قىلىشقا ئىقتىدارى يوق، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ

قالغان مەنسەپپەرەس ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەك «چىدالمىدىم» دېگەن يەردىن شې-ئىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئىۋان ئىۋانىچ بىلەن كۆرۈشەلمىگەن «مەن» نەق مەجلىس-نىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ كىشىلەر شۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن مەجلىستە مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقۇچىلار ئەمەس، سۆلەتۋازلىق بىلەن ئىدارىگە بېكىنىۋېلىپ قۇرۇق گەپ سېتىۋاتقانلىقى ئاش-كارا بولىدۇ. شائىر بۇ بۆلەكتە مەجلىسۋازلارنىڭ مەسئۇلى-يەتسىز، ئىقتىدارسىز خاراكتېرىنى كۈچلۈك مەسخىرە قى-لىپ، يېرىم تېنى بىلەن بۇ مەجلىسنى، يېرىم تېنى بىلەن ئۇ مەجلىسنى ئېچىشقا مەجبۇر بولغان يىرگىنچلىك ئەپ-تى بەشىرىسىنى كۈچلۈك مۇبالىغە قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ.

«بۇلار ھازىر ئىككى مەجلىس ئۈستىدە،
يىگىرمە مەجلىس ئۆتكۈزىمىز بىركۈندە.
ئىلاج يوق بۆلۈنمەسكە ئىككىگە.
گەۋدىلىرى بۇياقتا،
باشقا يېرى ئۇياقتا.»

بۇ بۆلەكنىڭ ئاخىرىدا شائىر كۈچلۈك ئۈمىد -
ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ھەي
يەنە بىر مەجلىس ئۆتسىدى
بار مەجلىسنى شۇ بىرى قۇرۇتۇپ كەتسىدى.» دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر مۇشۇنداق ھەددىدىن

ئاشقان پالەچ هالەتنى ئۆزگەرتىدىغان ئۇزۇل - كېسەل بىر چارىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنۇمى يوق، قورۇق ھەيۋىسى بار، بولمىغۇر رەسمىيەتچىلىك، تېتىقسىز مەجلىسۋازلىقلارنى بىراق سۈپۈرۈپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۈچلۈك چاقىرىق قىلىدۇ.

قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلمايدىغان تۆرىچىلىك ئىستىلى سوۋېت ھاكىمىيىتى يېڭىدىن قۇرۇلغان شۇ دەۋرلەردىلا ناچار، چاكىنا ئىستىل بولۇپ، خەلقنىڭ خىزمەت ئۇنۇمدارلىقىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالماستىن، بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزدىمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يارىماس ئىللەتتۇر.

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقان ئەنە شۇنداق يارىماس تۆرىلەرنىڭ ئىقتىدارسىز ھەرىكەتلىرىنى ھەرگىز كەم ھېسابلاشقا بولمايدۇ. شۇڭا بۇ شېئىرنى ياخشى ئۆگىنىش بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 3. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

1) «مەجلىسۋازلار» ساتىرىك شېئىر، ساتىرا «زەھەرنى زەھەر بىلەن» داۋالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئادەتتىكى نەسىھەت بىلەن ئۆزگەرتىش تەس بولغان چاكىنىلىقلارنى مەسخىرە ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈپ دا-

ۋالاشنى ئاساس قىلىدۇ. «مەجلىسۋازلار» ساتىرىسى نەق مۇشۇ خىل بەددىئىي ئالاھىدىلىككە قېنىقتۇر.

2) ساتىرىك شېئىرلارنىڭ تىلى ئىخچام، ئۆتكۈر بولۇپ، غەزەپ بىلەن نەپرەت ئېنىق گەۋدىلىنىپ، مەسخىرە ئارقىلىق تەنقىد قىلىنىدىغان نىشان ئايىماي قامچىلىنىدۇ. شۇڭا مۇبالىغە قىلىشقا كەڭ ئىمكانىيەت بېرىلىدۇ. بۇ شېئىردىكى «يېرىم تېنى ئۇياقتا، يېرىم تېنى بۇياقتا»، «يىگىرمە مەجلىس ئۆتكۈزىمىز» دېگەن، مۇبالىغىلەر ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان قۇرۇق سۆلەتۋازلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتەرلىك ئېچىپ بەرگەن.

## «تارىم بويلاپ» توغرىسىدا تەھلىل

### 1. ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

شائىر مەھەممەتجان سادىق 1934 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1941 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا، رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان. 1952 - يىلى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئوتتۇرا مەكتەپتە، شىنجاڭ پېداگوگىكا شۆيۈەنى ۋە شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇتقۇچى بولغان، ئىلى ئوبلاستلىق ۋە غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىلىرىدە ئىشلىگەن. ھازىر ئىلى سىغەن شۆيۈەندە ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرى «1 - ماي» 1952 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇشۇنىڭدىن بېرى ئىزچىل شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شوغۇللىنىپ، «قېلىن قاردىكى ناخشا»، «تىيانشان ناخشىسى»، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «قىزىل يۇلغۇن» ناملىق شېئىرلار، باللادا، داستانلار توپلاملىرىنى، «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرى رومانىنىڭ بىرىنچى كىتابىنى ئېلان قىلدى.

«تارىم بويلاپ» ناملىق بۇ شېئىر شائىر 1954 - يىلى

خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ بارغاندىن كېيىن يېزىلغان.

## 2. شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

شائىر شېئىردا تارىم دەرياسىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ ھاسىل قىلغان ياڭقۇنلۇق ھېس - تۇيغۇلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئازاد، بەختىيار يېڭى جەمئىيىتىمىزگە بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش، تېخىمۇ بەختلىك يېڭى تۇرمۇش يارىتىش يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە شائىر تارىم بويىنى بويلاپ ئۆز خىزمەت ئورنىغا كېتىۋاتقاندىكى ھاياجانلىق ئىچكى تەسىراتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئازاد تارىم بويلىرىغا بولغا چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

يۈرەك!
ۋاھ، يۈرەك!
نېمانچە ئويناپسەن
كۆكرەك تاملىرىغا ئۇرۇپ ئۆزۈڭنى؟!
مۇھەببەت دېڭىزىدا
قىزىل يەلكەندەك
ئۈزىسەن
تاڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ
گۈزەل تارىمنى!

شائىر مانا شۇنداق يالقۇنلۇق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەن ھالدا ئازادلىقتىن كېيىنكى تارىم بويلىرىنىڭ گۈللىنىۋاتقان يېڭى مەنزىرىسىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، چەكسىز شادلىق ئىچىدە ئۆز يۈرىكىنىڭ ئويناپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە شائىر تارىمنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قاچان مۇشۇنداق گۈزەل تۈسكە كىرگەنلىكىنى رىتورىك سوئال ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، تارىمنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۇزاق ئۆتمۈشىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا تارىم بويىدىكى ئەمگەكچى خەلقلەر ئۇنىڭ ئېقىۋاتقان سۈيىنى قانغۇچە ئىچىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغان، شۇڭلاشقا تارىم بويىنى نوزۇگۇمدەك ئېزىلگەن، خارلانغان، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان دەردلىك قوشاقچىلارنىڭ، يۈرەك باغرى قېيىننىڭ قوۋزىقىدەك سويۇلغان مەزلۇملارنىڭ ئاھ - پىغانى قاپلىغان، خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن سالغان چۇقانلىرىغا جور بولۇپ، قىرغاقلارغا غەزەپلىك ئۇرۇلغان تارىم دولقۇنلىرىنىڭ سادالىرى يىراقلارغا تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ھەمنەپەس بولغاچقا، لۇتپۇللا مۇتەللىپتەك كۈرەشنىڭ قايناملىرىدا ئۆسكەن مەرد قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن... دېمەك. شائىر ئازادلىقتىن بۇرۇن تارىم بويلىرىدا ئۆتكەن كۈرەش تارىخىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ كېلىپ، تارىم دولقۇنلىرىنىڭ چاڭجياڭ دولقۇنلىرىغا قېتىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق شىنجاڭدا مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسى يولىدا ئېلىپ

بېرىلگان كۆرەشلەرنىڭ پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر-
قىسمى بولغانلىقىنى ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ
بېرىدۇ.

شېئىرنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە شائىر ئۆتمۈشتىكى
جاپالىق كۆرەش يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئۇنىڭغا
ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى تارىمنىڭ يېڭى قى-
ياپىتىنى تەبىئىي ھالدا باغلاپ بايان قىلىدۇ، تارىمنىڭ
پېشانىسىدا پارلىغان چولپان، ئەتراپىدا گۈللىگەن گۈل-
شەن، چىرايىدا جۇش ئۇرغان كۈلكە، ئومۇمەن تارىم-
نىڭ يېڭى، بەختىيار قىياپىتى چىن تيەنچۇ، ماۋ زېمىن
قاناتلىق كوممۇنىستلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى
مىليونلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن قىلى-
غان كۈرىشى ۋە ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى زور
ھاياجان بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

چىن تيەنچۇنىڭ،
(ئۇ —
كۆكسىگە چوقچايغان
قەبرە ئىچىدە)
ۋارىسلىرى گۈل ئېلىپ كەلدى!
ھەي،
تارىملىق يىگىت ۋە قىزلار!
ئويناپ،
كۈلۈڭلار!...... — دەپ
ھەر يۈرەككە بەخت بېرىپ كەلدى.

دېمەك تارىم بويلىرىنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار مەنـ زىرىسى مىليونلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاققۇزغان قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن.

شېئىرنىڭ تۆتىنچى بۆلىكىدە شائىر ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئەجدادلىرى كۈرەش قىلغان، تەر ۋە قان تۆككەن ئەزىز ماكانغا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەتكە كېتىۋاتـ قانلىقىدىن چەكسىز بەختىيارلىق، شادلىق ھېس قىلىدىـ غانلىقىنى كۈيلەيدۇ. تارىم بويلىرىدىكى خەلقلەر ئەمدى چاڭجياڭ بويلىرىدا يېڭى ھايات قۇرۇۋاتقان كىشىلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، يېڭى دەۋردە يېڭى تۇرمۇش يارىتىش يولىغا ئاتلانغانلىقىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

ۋاھ! قانچىلىك بەختلىكمەن،
بارىمەن بويلاپ لېۋىڭنى،
سېنىڭ ئۇ گۈزەل يەرلىرىڭ ئارا.
تارىم دەرياسى،
چاڭجياڭ مۇقامىغا
ئۇنچە چاچرىتىپ
شان بىلەن شاقىرا!......

دېمەك شائىرمۇ ئەنە شۇ بەختلىك يېڭى تۇرمۇشـ نى قۇرغۇچى بولغانلىقىدىن چەكسىز بەختىيارلىق ھېس قىلىدۇ. شۇڭا تارىم بويلىرىدا يېڭى ھايات يارىتىۋاتقان «قەلبى نۇرلانغان كىشىلەرنى» قېرىنداشىدەك يېقىن بىـ لىپ، ئۇلار ياراتقان بەختنىڭ ھۇزۇرلانغان ۋاقتىدا تارىم

بويلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئىرادىسىنىڭ شۇنچە ئاشـقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شائىر شۇ يېڭى ھاياتنى قۇرغۇچى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا بۇ ھاياتنى ياراتقۇچى پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئۇرغۇپ تېشىپ، ئېشىپ، ئىلھاملىرى فونتاندەك ئېتىلىپ، قەلب ئېتىزىدا شېئىرىي غۇنچىلارنىڭ چېچەكلىگىنىدىن غۇرۇر ھېس قىلىدۇ.

شېئىرنىڭ بەشىنچى بۆلىكىدە شائىر «تارىم بويلىرى»دىن ئالغان پۈتۈن تەسىراتلىرىنىڭ يەكۈنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تارىم بويىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈشكە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچ، يۈكسەك ئىرادىسىنى جاكارلايدۇ.

ھەي!
مېنىڭ بەختلىك
تارىخ دەپتىرىم!
قوينۇڭغا گۈل چېكەي
ئەمگەك تەرىمدە!
ئۇچاردى
ئەزىز مەكتەپ،
تارىم بويلاپ
ياش لاچىندەك
ئۇچۇپ بارىمەن،
شادلىق دىلىمدا!!

دېمەك شائىر يېڭى ھايات يارىتىش يولىدىكى جاپالىق ئەمگەكلەرنى بەخت ۋە خۇشاللىق ساناپ، ئۆزىنىڭ

بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يېڭى ھايات يولىدا ئاتىغانلى-
قىنى، يېڭى ھايات باغرىدا گۈل ـ چېچەكلەرنى جەۋلان
قىلدۇرۇش يۈرىكىگە شادلىق بېغىشلايدىغان، ۋۇجۇدىدا
قانات پەيدا قىلىدىغان ئاجايىپ بەختىيارلىق ئىش ئى-
كەنلىكىنى قىزغىن ھېسسىياتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا
قويىدۇ.

### 3. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

بۇ شېئىر ھېس ـ ھاياجاننى گەۋدىلەندۈرگەن چاچ-
ما شېئىر بولۇپ، كىشىدە باشتىن ـ ئاياغ يېڭى تەس-
رات، يېڭى ئىشتىياق قوزغاپ، شائىرنىڭ كۆڭلىدە قوز-
غالغان تەسىراتلارنى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆڭلىگە كۆچۈرۈپ،
كۈچلۈك تەسىرلەندۈرىدۇ. شېئىرنىڭ بۇخىل ئۈنۈمى ئۇ-
نىڭدا پىكىرلەرنىڭ تۈپتۈز يالىڭاچ ھالدا ئوتتۇرىغا
قويۇلماي، تىلنى جانلىق،ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنى مۇ-
ۋاپىق قوللىنىپ، ئوبرازلىق ئىپادىلىگەنلىكىدە ئالاھىدە
كۆرۈنىدۇ.

1) رىتورىك خىتاب، رىتورىك سوئال شېئىرىي ئوب-
رازنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.
مەسىلەن، شائىر شېئىرنى «يۈرەك! يۈرەك!» دەپ ئۆز
يۈرىكىگە ئۆزى خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭ شۇنچە تېپچەكلى-
گەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراش ئارقىلىق باشلىغان. ئان-
دىن كېيىن «تارىم دەرياسى» غا قارىتا ئۆز كۆڭلىدە
ئۆركەشلەپ ئاققان ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىلەن تويۇندۇ-
رۇلغان رىتورىك سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇ-

نىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئىزدىگەن.
2) شېئىرنىڭ قاپىيىلىرى كۆپرەك ئوخشىتىشلار ئار-قىلىق بېرىلىپ، شائىرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ قايناپ-تاشقانلىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، «قىزىل يەلكەندەك»، «ساليوتتەك»، «ئۇسسىغان گۈلدەك»، «چۈشكەندەك»، «قىزىل گۈلدەك»، «پارلاق يولچىدەك»، «ياراشقان گۈلدەك» «ياش لاچىندەك» دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىشلار ئىنتايىن جايىدا قوللىنىلغان.
3) شېئىردا سۈپەتلەشلەر ئارقىلىق شەيئىلەر كونـ-كرېت خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنىپ، كىتابخاننىڭ كۆز ئال-دىغا روشەن كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ھېس-يات كۈچلۈك قىلىپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «قىزىل يەلكەن»، «گۈزەل تارىم»، «چوڭقۇر قاينام»، «ئۇسسىغان گۈل»، «دەردلىك قوشاق»، «سېرىق قىرلار»، «تۆكۈلگەن قانلار»، «كەڭ قىرغاقلىرىڭ»، «مەرد شائىر»، «ئەڭ قايناق ئوتلۇق قوينىڭدىن»، «تاڭ قاراڭغۇ-سىنىڭ»، «ئەزىز تارىمىم»، «شوخ ناخشىلىرىڭ»، «پايانسىز ئۇپۇق»، «سۆزۈلگەن تاڭدىن»، «پارلاق يولچى»، «تارىم-لىق يىگىت ۋە قىزلار» قاتارلىق مىساللارنىڭ ئالدىنقى قىسمى پۈتۈنلەي سۈپەتلەش بولۇپ، ھەربىر شەيئى، ھەر-بىر ھادىسە ئۆزىگە خاس سۈپەت بىلەن كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەنگەن.
4) شائىر يۇرەكنى، تارىمنى خۇددى جانلىق ئادەم-لەردەك جانلاندۇرۇپ كۆرسەتكەن.
5) شائىر تارىمنى خەلق ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ مىتا-نومىيە قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى

تارىمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىلىپ بايان قىلىدۇ. شۇ-
نىڭدەك تارىمنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە خەلقىنىڭ
ھەرىكىتى بولۇپ، شائىر تارىم دەرياسى بىلەن خەلق ئوت-
تۇرىسىدا يۈكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى بىرلىك تاپىدۇ.
شۇڭا كىتابخان تارىم ھەققىدە سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇنلار-
نىڭ ھەممىسىنى تەبىئىي ھالدا خەلقىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن
ۋەقەلەر تەرىقىسىدە چۈشىنىدۇ.

# «لىبېرالىزمغا قارشى تۇرايلى»
# توغرىسىدا تەھلىل

بۇ ئەسەر ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن 1937 - يىلى 9 - ئايدا يېزىلغان. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشى ئەمدىلا باشلانغان بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىزدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ بىرلىكسەپ بەرپا قىلغانىدى. شۇنداق قىلغاندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي بىرلىكسەپنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتىيە ئىچىدە ئىدىيىۋى تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش زۆرۈر ئىدى. بۇ ئەسەر مانا شۇنداق شارائىتتا پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشكە توسقۇن بولۇۋاتقان لىبېرالىزم ۋە پۇرسەتپەرەسلىك ئىدىيىۋى خاھىشلارغا خاتىمە بېرىپ، پارتىيە تەشكىلىنى ۋە ئىنقىلابىي سەپنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداشقا ئاساس يارىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

### ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

بۇ ئەسەر يىگىرمە ئىككى ئابزاستىن تۈزۈلۈپ، ئۈچ

بۆلەككە بۆلۈنگەن.

ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بىرىنچى، ئىككىنچى ئابزاسلار بولۇپ، بىرىنچى ئابزاستا ھەل قىلىنماقچى بولغان تۈپ مەسىلە — «ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەش» پرىنسىپىنى ئىگىلەش زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، توغرا ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئىككىنچى ئابزاستا بولسا، بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا سەۋەب بولۇۋاتقان خاتا نۇقتىئىنەزەرنىڭ (لىبېرالىزملىق خاھىشىنىڭ) زىيىنى تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى پرىنسىپال كۈرەش ئېلىپ بېرىش تەشەببۇس قىلىنغان.

ئىككىنچى بۆلەك ئۈچىنچى ئابزاستىن ئون بەشىنچى ئابزاسقىچە. بۇ بۆلەكتىكى ئۈچىنچى ئابزاس باغلىغۇچى ئابزاس بولۇپ، ئالدىدا مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەرنى كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان كونكرېت مەسىلىلەرگە باغلاش رولىنى ئوينىغان. قالغان ئابزاسلاردا لىبېرالىزمنىڭ ئون بىر خىل كونكرېت ئىپادىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقى، شەخسىي ۋە تەشكىلگە بولغان زىيانلىرى بىرمۇ بىر كۆرسىتىلىپ، لىبېرالىزمدىن ئىبارەت خاتا نۇقتىئىنەزەرنىڭ (ناچار خاھىشىنىڭ) زىيانلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېچىپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى بۆلەك ئون ئالتىنچى ئابزاستىن ئاخىرىغىچە. بۇ بۆلەكتىكى ئون ئالتىنچى ئابزاس تەكىتلەش مەنىسىدە بېرىلگەن باغلىغۇچى ئابزاس بولۇپ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۈچىنچى ئابزاسقا ئوخشاش ئىككىنچى بۆلەك بىلەن ئۈچىنچى بۆلەكنى باغلاش رولىنى ئوينىغان.

ئون يەتتىنچى ئابزاستا لىبېرالىزمنىڭ بەكمۇ

قەبىھ خاھىش ئىكەنلىكى، ئۇن سەككىزىنچى ئابزاستا
لىبېرالىزمنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىدىيىۋى مەنبە، ئۇن
توققۇزىنچى ئابزاستا لىبېرالىزمچىلارنىڭ ماركسىزمغا تۇ-
تىدىغان خاتا پوزىتسىيىسى، يىگىرمىنچى ئابزاستا لىبېرال-
زمنى يوقىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، يىگىرمە بىرىنچى ئابزاستا
لىبېرالىزمنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئاخىرىدا بارلىق
كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ،
لىبېرالىزمغا قارشى تۇرۇشى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاپتور بۇ ئەسىرىدە لىبې-
رالىزمنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرىنى، زىيىنىنى چوڭقۇر تەھ-
لىل قىلىپ، ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى چىرىتىپ، تەشكىلىي
ئىنتىزامدىن، ئىتتىپاقلىقتىن مەھرۇم قىلىپ، ئوبيېكتىپ جە-
ھەتتە دۈشمەنگە ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدىغان خا-
راكتېرىنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ماركسىزمنىڭ ئاك-
تىپ ئىدىيىۋى كۆرەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېڭىش زۆرۈر-
لۈكىدىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى تولۇق يو-
رۇتۇپ بەرگەن.

## ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

بۇ ئەسەر مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرگە كىرى-
دۇ. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئالدى بىلەن مۇ-
ھاكىمە قىلىنىدىغان تۈپ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇ-
نى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ تەھ-
لىل قىلىش ئارقىلىق توغرا نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلىنىپ،

خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ئىنكار قىلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا قەتئىي ۋە كەسكىن خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.

بۇ ئەسەردە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان:

1) توغرا نۇقتىئىنەزەر بىلەن خاتا نۇقتىئىنەزەر ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، نېمىنى قولغا ئېلىپ، نېمىنى يوقىتىش زۆرۈرلۈكى روشەن، كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2) ئاساسىي توغرا نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئاساسىي خاتا نۇقتىئىنەزەرنى سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشتا پىكىر باشتىن - ئاياغ سەۋەب، نەتىجە باغلىنىشى بويىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ، مەقسەت ئىنچام ۋە قايىل قىلىش كۈچى زور جۈملىلەر ئارقىلىق تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

3) سۆز-جۈملىلەردە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. «ئالدىدا»، «كەينىدە»، «مەجلىستە»، «مەجلىستىن كېيىن»، «جەڭگىۋار قورال»، «قەبىھ خاھىش»، «ئىتتىپاقلىق»، «ئىتتىپاقسىزلىق»، «ئىنقىلاب مەنپەئەتى»، «شەخسىي مەنپەئەت»، «پرىنسىپلىق»، «پرىنسىپسىز» قاتارلىق سېلىشتۇرۇشلار توغرا نۇقتىئىنەزەر بىلەن خاتا نۇقتىئىنەزەرنىڭ خاراكتېرىنى روشەن پەرقلەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەتتىمىن شىپە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەھلىل

1

تۈزگۈچى: ئابدۇۋەلى كېرىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 787 × 1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1992 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1992 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3,200
ISBN 7—228—02137—1/G·263
باھاسى: 1.80 يۈەن

责任编辑：买买提依明·西帕
封面设计：加拉力丁·巴合拉木
责任校对：阿斯业木·艾合买提

中学语文课分析（1）（维吾尔文）
阿布都外力·克力木　编

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码 830001）
新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米　32开本 6.625 印张 2插页
1992年4月第1版　1992年4月第1次印刷
印数：1—3,200

ISBN 7—228—02137—1/G·263 定价：1.80元

ISBN 7 — 228 — 02137 — 1
G.263（民文）定价：1.80元